

(تاللانما) ئىزدىنىش 1997 4

# قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ

# مەڭگۈ ھايات

## يولداش دېڭ شياۋپىڭ

## قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ، ئار-
مىيىمىزنىڭ، ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ھەممە
ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى ئابرويلۇق، ئاتاقلىق
رەھبىرى، ئۇلۇغ ماركسىزمچى،ئۇلۇغ پرولېتارى-
يات ئىنقىلابچىسى، سىياسىي ئەربابى، ھەربىي
ئەربابى، دىپلوماتى،ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن
كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىس-
تىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوت-
سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ
باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى.

**قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەڭگۈ ھايات**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭشى مەملىكەتلىك كومىتېتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتلىرىنىڭ

# پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن ئارمىيىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامىسى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭشى مەملىكەتلىك كومىتېتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتلىرى پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن ئارمىيىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە شۇنى ئىنتايىن قايغۇلۇق ئۇقتۇرىدۇ: قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ گىرىپتار بولغان پاركېنسىن كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقى، ئۆپكىسى يۇقۇملىنىپ، نەپەس ئېلىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 1997-يىل 2-ئاينىڭ 19-كۈنى سائەت 21 دىن 8 مىنۇت ئۆتكەندە 93 يېشىدا بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ، ئارمىيىمىزنىڭ، ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى ئابرويلۇق، ئاتاقلىق رەھبىرى، ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سىياسىي ئەربابى، ھەربىي ئەربابى، دىپلوماتى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ—جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەزاسى ۋە ئاكتىپ

پائالىيەتچىسى. ئۇ بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە، غەربىي شىمال ئىنقىلابىي ئارمىيىسىدە سىياسىي خىزمەتكە مەسئۇل بولغان، كېيىن ۋۇخەنگە كېلىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قوراللىق قارشى تۇرۇش فاڭجېنىنى بەلگىلەيدىغان جىددىي يىغىنىغا يەنى «7−ئاۋغۇست» يىغىنىغا قاتناشقان، ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە، بەيسې قوزغىلىڭى ۋە لۇڭجۇ قوزغىلىڭىنى قوزغىغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان، قىزىل ئارمىيە 7−جۈنى، 8−جۈنى ۋە يۇجياڭ، زوجياڭ ئىنقىلابىي تايانچ بازىلىرىنى قۇرغان؛ مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىغا بارغاندىن كېيىن، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا لۇشيەنىنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى پارتىيە ئىچىدىكى «سول»چىل رەھبەرلەر تەرىپىدىن ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغان؛ شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قىزىل ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمدە ئىشلىگەن، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، ئۇزۇن سەپەر ئۈستىدە ج.ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ پارتىيىمىز تارىخىدىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە كېڭەيتىلگەن يىغىنى—زۇنيى يىغىنىغا قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، يولداش ليۇ بوچېڭ بىلەن بىرلىكتە قوشۇن باشلاپ، سەنشى−خېبېي−خېنەن تايانچ بازىسى قاتارلىق تايانچ بازىلارنى بەرپا قىلغان، 129−شىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىمال بيۇروسى تەيخاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ شۇجىسى بولغان، كېيىن شىمال بيۇروسىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بولغان ھەمدە 8 −ئارمىيە باش شتابىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان، شىمالىي جۇڭگونىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارغا رەھبەرلىك قىلىش مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان؛ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 7−قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە، سەنشى−خېبېي−شەندۇڭ−خېنەن ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بيۇروسىنىڭ شۇجىسى بولغان ۋە كېيىن باشقۇرۇش تەۋەسى كېڭەيتىلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بيۇروسىنىڭ 1−شۇجىسى بولغان، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا ئۆتۈش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى قورقماس قەھرىماندلىق جاسارىتى بىلەن قەتئىي ئىجرا قىلغان، يولداش ليۇ بوچېڭ بىلەن بىرلىكتە چوڭ قوشۇننى باشلاپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ناھايىتى ئۇزۇن يول بېسىپ دابيېشەنگە كىرىپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىدا مەملىكەت خاراكتېرلىك ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان. ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش باسقۇچىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭ دالا ئارمىيىسىگە، شەرقىي جۇڭگو دالا ئارمىيىسىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان باش ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 1−شۇجىسى بولغان، ئاشۇ ئىككى دالا ئارمىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ چوڭ ئۇرۇش ئىچىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان خۇەيخەي ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان، شۇنىڭ بىلەن نەنجىڭ، شاڭخەي ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى ئۆلكىلەر ئازاد قىلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولغانلىقى جاكارلانغان؛ شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە قوشۇن باشلاپ، غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، شىزاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا

قاتنىشىپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنى ئازاد قىلىشنى تاماملىغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىكى، خەلقنىڭ ئازادلىقى، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي جەنۇب بيۇروسىنىڭ 1-شۇجىسى بولۇپ، غەربىي جەنۇب رايونىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىش ۋە ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي بېيجىڭغا يۆتكىلىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان، 1954-يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1955-يىلى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلانغان. 1956-يىلى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 8-قۇرۇلتىيىدا پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان شارائىتتا ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم چوڭقۇر شەرھلىگەن. 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1-ئومۇمىي يىغىنىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، باش شۇجىلىقىغا سايلىنىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان. باش شۇجى بولغان ئون يىلدا، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورنىتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى قانات يايدۇرۇش، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تېپىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، سىياسەتنى تەڭشەش، قىيىنچىلىقنى يېڭىش يولىدا ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، خىزمەتنى ئاجايىپ ئۈنۈملۈك ئىشلىگەن. ئۇ يەنە كۆپ قېتىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ موسكۋاغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى پرىنسىپال مەيدانىنى قەتئىي قوغدىغان، پارتىيىلەر ئارىسىدىكى تەڭسىزلىك مۇناسىۋىتىگە قارشى تۇرغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يولداش دېڭ شياۋپىڭ خاتا تەنقىد قىلىنغان ۋە كۈرەش قىلىنغان، ھەممە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. 1973-يىلى ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، 1975-يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى بولۇپ، پارتىيە، دۆلەت ۋە ئارمىيىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇ مۇدھىش دولقۇنلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پەيدا قىلغان ئېغىر، قىيىن ۋەزىيەتتە دادىل تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بارغان، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا قارشى تىغمۇتىغ كۈرەش قىلغان. بۇنداق تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈرەشلەر كەڭ كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە ۋەكىللىك قىلغان، شۇڭا قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە سازاۋەر بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بارلىق ۋەزىپىسىدىن يەنە خاتا ئېلىپ تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلىش ئۈچۈن پارتىيە ئىچى-سىرتىدا كەڭ

ئاممىۋى ئاساس سالغان.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇرۇنقى ۋەزىپىلىرى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە خەلقنىڭ جىددىي تەلىپى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا، جۇڭگو دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي، ۋەزىپە ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ياغدۇرغان ئېغىر بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇشقىلا ئەمەس، تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈزلىنىپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىيات يولى ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئويلىنىپ، كەلگۈسى يىللاردا جۇڭگونى ئالغا ئىلگىرىلىتىشنىڭ يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشقىمۇ توغرا كەلگەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، شۇنچە كۆپ، چىگىش ئىشلار ئىچىدىن ئاۋۋال ھەل قىلغۇچ ھالقىنى تۇتۇپ، ئىشنى ئىدىيىۋى لۇشيەندىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشتىن باشلىدى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، «ئىككى ئومۇمەن» دېگەن خاتا نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇردى، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشنى قوللىدى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىباشتىن تىكلىدى، ئىدىيىۋى لۇشيەن جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشتىن دېرەك بەردى، ئۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش يولىدا يېڭى تارىخىي دەۋر ئاچتى، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن ئارقىلىق يولداش دېڭ شياۋپىڭ 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى. يېڭى دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى بىلەن بىرلىكتە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى چوڭ تارىخىي خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بىرى، ئۇ پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ خاتالىقىنى تۈزەتتى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىلمىي ئاساستا تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىلمىي باھا بېرىشتە چىڭ تۇردى؛ يەنە بىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ياراتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى — «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى تۈزۈپ بەردى. پارتىيىنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، دىپلوماتىيە، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتتىكى بىر يۈرۈش فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بەلگىلىدى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بەردى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈشتىن تارتىپ ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقىچە، يېزا ئىسلاھاتىدىن شەھەر ئىسلاھاتىغىچە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ھەر جەھەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغىچە، دېڭىز بويىدا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشتىن مەملىكەت بويىچە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكىچە بولغان ئىشلاردا سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ 18 يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، دۆلەتنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. ئامما بۇ ئىشلارنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلدى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا مەملىكەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا سىياسىي بوران-چاپقۇن پەيدا بولدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋە باشقا پېشقەدەم يولداشلارنىڭ قەتئىي، كۈچلۈك مەدەتكارلىقى بىلەن خەلققە تايىنىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا بايرىقى روشەن ھالدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى، ئىززەت-ھۆرمىتى، بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇستەھكەم، ئېنىق مەيداندا تۇرغانلىقى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، بىز قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بەردۇق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تېخىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى، خەلقنى خۇشال قىلدى، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرى بويىچە ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش — دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى چوڭ ئىجادىيىتى. جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيىنىڭ، جۇڭگو بىلەن پورتۇگالىيىنىڭ كېلىشىمگە ئاساسەن، شياڭگاڭ يات ئەلدە ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئاۋمېن 1999-يىلى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. تەيۋەن مەسىلىسىمۇ ھامان ھەل بولىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ. خەلقئارا ۋەزىيەت ئۈستىدىكى تەھلىل ۋە جۇڭگونىڭ خەلقئارا ستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى تەدبىر — دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. ئۇ ياپونىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بىلەن ۋە 3-دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگونىڭ تاشقى مۇناسىۋىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈردى ۋە ياراتتى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىتتا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا، سوتسىيا-

لىزىم ئېلىمىزدە غەلىبە قىلغان ۋە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشى-خارابلىشىشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى-مەغلۇپ بولۇشىغا دائىر تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندا، پرولېتارىياتنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇشى ياخشى يەكۈنلەشكە ۋە ئىزدىنىشكە تېگىشلىك زور تارىخىي تېما بولۇپ قالغاندى، سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى يېڭى ۋەزىيىتى ۋە يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى تارىخىي سېلىشتۇرۇش ۋە خەلقئارالىق كۆزىتىش داۋامىدا بىزگە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىلمىي ئاساستا ئىگىلەنگەن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان جۇڭگودەك دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاقىدار بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە تۇنجى قېتىم بىرقەدەر سىستېمىلىق جاۋاب بېرىلگەن بۇ نەزەرىيە—ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بىلەن ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو ماركسىزمى. ئۇ—پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، دېڭ شياۋپىڭ پاراتقان بۇ نەزەرىيە بولمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىدا بۈگۈنكىدەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلمىغان ۋە جۇڭگو-نىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشى پارلاق ئىستىقبال تاپالمىغان بولاتتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسى جەھەتتىكى باقمەندىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى خېلى بۇرۇنلا تەشەببۇس قىلغانىدى، ئۇ پېنسىيىگە چىقىش ئارزۇسىنى نەچچە قېتىم سەممىي بىلدۈرگەن. پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيى ئۇنىڭ يېڭى مەركىزىي كومىتېتقا ۋە مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىغا كىرمەي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىدە قېلىشىغا قوشۇلۇشنى قارار قىلغان، پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشىگە قوشۇلۇشنى قارار قىلغان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشى، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇقىملىقىنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن تولۇق شارائىت يارىتىپ بېرىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنگەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا يەنىلا يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلگەن. 1992-يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە پارتىيىنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئاساسىي ئەمەلىيىتى ۋە ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلەپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۇزاق مۇددەت قوچۇپ ۋە چىرماپ كەلگەن نۇرغۇن چوڭ-چوڭ تونۇش

مەسىلىلەرگە، بولۇپمۇ سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر جاۋاب بەردى، بۇ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنى ياخشى ئېچىشتىلا مۇھىم يېتەكچى رول ئويناپ قالماستىن، پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنى بەلگە قىلىپ يېڭى باسقۇچقا كىردى. 1993-يىلى 89 ياشقا كىرىپ قالغان يولداش دېڭ شياۋپىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى تەھرىرلەشكە رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقىپ بېكىتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 2- ۋە 3-توملىرىغا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش جەريانىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە تولغان مۇھىم ئەسەرلىرى — بىزنى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان ئىلمىي قىبلىنامە.

14-قۇرۇلتايدىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن ئارمىيىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 14-قۇرۇلتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن بىللە، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە تۈزۈپ بەرگەن «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ 2-قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىغا مۇددەتتىن بۇرۇن يېتىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا زور يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەر تىرىشچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلىنىۋاتىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى جەريانىدا روشەن ئىنقىلابىي خىسلەت يېتىشتۈرگەن، ئۇ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلاتتى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تومۇرى ۋە پۇرسىتىنى چېچەنلىك بىلەن ئىگىلەيتتى، ھەم ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلاتتى، ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلايتتى، ھەم دۇنيانىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلاتتى، ھەم باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كەلمەي، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ھازىرقى زامان دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى چارە ئىجاد قىلىپ، يېڭى يول تاپاتتى. ئۇ ئاممىغا ھۆرمەت قىلاتتى، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلەتتى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقنى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي سال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقنى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق

بولۇش-بولماسلىقنى هامان لۇشيەن، فاڭجىن ۋە سىياسەتلەرنى توزۇشنىڭ ئاساسى ۋە مەقسىتى قىلاتتى. ئۇ يىراقنى كۆرەر ۋە كەڭ قورساق بولۇپ، ھەر خىل چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ئومۇمىيەت نۇقتىسىدىن كۆزىتەتتى ۋە بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇ ئەمەلىي ئىشلەشنى، ھەرىكەتتە كەسكىن بولۇشنى قۇۋۋەتلەيتتى، ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، ئاجايىپ شجائەتتى ۋە غەيرەتنى نامايان قىلاتتى. ئۇ ئىللا، يۇرەكلىك بولۇپ، ئىگىلمەي-پۈكۈلمەي ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ بارلىقنى پارتىيىگە، خەلققە، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ شانلىق ھاياتى ئۇنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئوغلى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىنى چىن قەلبىدىن سۆيەتتى، ۋەتەن ۋە خەلقمۇ ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيەتتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋاپاتى پارتىيىمىز ئۈچۈن، ئارمىيىمىز ئۈچۈن ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز يوقىتىش بولدى، ئېلىمىز خەلقىنى ئىنتايىن قاتتىق قايغۇغا سالدى. مەركەز پۈتۈن پارتىيىنى، پۈتۈن ئارمىيىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتتى بىلەن تەزىيە بىلدۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بەلگىلەپ بەرگەن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە باشقا جەھەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مۇشۇ لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پىشىقلىق يارىتىپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەر خىل خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

بىز چوقۇم پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قوغداپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ ئاڭلىق ئۇيۇشۇپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

بىز چوقۇم ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملىشىمىز، كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىشىمىز، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشىمىز، دۆلەتنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

بىز چوقۇم مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى

سۇرۇش، زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش، خەلققارا سىياسىي يېڭى تەرتىپ ۋە خەلققارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

بىز چوقۇم دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىنقىلابىي خىسلىتى ۋە ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلىنى ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭ يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى، ئىجادكارلىق روھىنى ئۆگىنىپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ باشلاپ بەرگەن ئۇلۇغ ئىشنى — سوتسىيالىستىك ئىسلاھات — ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ، بىز كۆزلىگەن نىشانغا غەلىبىلىك يېتەلەيدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەڭگۈ ھايات!

## يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا

# يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزلىگەن تەزىيە سۆزى

(1997-يىل 2-ئاينىڭ 25-كۈنى)

يولداشلار، دوستلار:

بۈگۈن بىز پايتەخت «خەلق» سارىيىدا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ، قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭغا ئىنتايىن قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرمەكتىمىز. شۇ تاپتا ئېلىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلار، يېزىلار، سودا دۇكانلىرى، مەكتەپلەر، لىيەندۈيلەر، ئورگانلار، مەھەللىلەردە كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ بىز بىلەن بىرلىكتە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى، ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ياد ئەتمەكتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرمەكتە.

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۇملىدىن شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار دېڭ شياۋپىڭدەك مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ ئەربابتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن چەكسىز قايغۇغا چۆمدى. دۇنيا خەلقى، ھەرقايسى ئەل رەھبەرلىرى ۋە خەلقئارا دوستلارمۇ دۇنيانىڭ دېڭ شياۋپىڭدەك مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ ئەربابتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن چوڭقۇر ھەسرەت چەكتى.

جۇڭگو خەلقى يولداش دېڭ شياۋپىڭنى قەدىرلەيدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرىدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنى ياد ئېتىدۇ، چۈنكى ئۇ بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى ۋە زېھنىنى جۇڭگو خەلقىگە بېغىشلىدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ 70 نەچچە يىللىق ئىنقىلابىي ھاياتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ جۇڭگو خەلق ئارمىيىسىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇ خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغۇچى تۆھپىكارلارنىڭ بىرى بولۇپ،

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى 1-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇپ قالغان. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىشىمىزغا رەھبەرلىك قىلدى. بۇ يولدا خەلق ئىگىلىكى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى كۆنسايىن ئاشتى، خەلق تۇرمۇشى پەيدىنپەي ياخشىلاندى. سوتسىيالىزم مىسلىسىز جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: يولداش ماۋ زېدۇڭ بولمىغان بولسا، جۇڭگو خەلقى ھېچ بولمىغاندا جاھالەتتە تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت تەمتىرەپ يۈرگەن بولاتتى، دېگەنىدى. بىز بۈگۈن ئوخشاشلا شۇنداق دەيمىزكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بولمىغان بولسا، جۇڭگو خەلقى بۈگۈنكىدەك يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەيتتى، جۇڭگودا بۈگۈنكىدەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلمىگەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلمايتتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش پارلاق ئىستىقبال تاپالمايتتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ، پۈتۈن ئارمىيىمىزنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان يۈكسەك ئابرويلۇق، ئاتاقلىق رەھبىرى، ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سىياسىي ئەربابى، ھەربىي ئەربابى، دىپلوماتى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن كوممۇنىزم جەڭچىسى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىدا، پارتىيە جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق تۈزۈمدىكى كونا جۇڭگونى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگوغا ئايلاندۇرۇش يولىدا ئۇلۇغ ئىنقىلاب ئېلىپ باردى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، جۇڭگونى تەرەققىي تاپمىغان سوتسىيالىستىك دۆلەتتىن زامانىۋىلاشقان باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى ئىنقىلابقا ئاتلاندى. بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاب مۇساپىسىدە ماركسىزم جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ئىككى قېتىملىق تارىخىي سەكرەش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىككى چوڭ نەزەرىيە شەكىللەندى، ئۇ بولسىمۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدۇر. ئىككى قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاب، ئىككى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشتە ئىككى ئۇلۇغ ئەرباب مەيدانغا كەلدى، ئۇ بولسىمۇ يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ سەپدىشى، ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭدۇر.

شەرقتىكى كونا جۇڭگودەك يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق چوڭ دۆلەتتە كوممۇنىستلارنىڭ ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ تەييار جاۋابى يوق ئىدى. ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆزىمىزگە خاس يول ئېچىش شەرت ئىدى. بۇ يول قوراللىق كۈرەش يولى، يېزىلاردا ئىنقىلابىي تايانچ

بازا قۇرۇش، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش، ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەتتە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش يولى ئىدى. بۇ يولنى يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيىمىزگە رەھبەرلىك قىلىپ ئاچتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ يولدا قەتئىي مېڭىپ، گۇاڭشىدا قوراللىق قوزغىلاڭ قوزغاپ، قىزىل ئارمىيە ۋە ئىنقىلابىي تايانچ بازا قۇردى. ئۇ مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىغا بارغاندىن كېيىن، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا لۇشيەننىنى ھىمايە قىلغانلىقتىن، ئەينى چاغدىكى پارتىيە ئىچىدىكى «سول»چىل رەھبەرلەر تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. بۇ ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى تۇنجى ئوڭۇشسىزلىق ئىدى. ئۇ ئۇزۇن سەپەر ئۈستىدە پارتىيىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ بۇرۇلۇشىدىن دېرەك بېرىدىغان زۇنيى يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش داۋامىدا، يولداش ليۇ بوچېڭ بىلەن بىرلىكتە قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، ھەمىشە ستراتېگىيىلىك ئومۇمىيەتنىڭ ئاچقۇچلۇق ئورنىدا، دۈشمەنگە قارشى تىغمۇتىغ كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلدى، خەۋپ-خەتەردىن، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. ئۇ باشتا 129-شىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىمال بيۇروسى تەيخاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ شۇجىسى بولدى، كېيىن شىمال بيۇروسىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بولۇپ، 8-ئارمىيە باش شتابىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى، شىمالىي جۇڭگونىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازا قۇردى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بيۇروسىنىڭ 1-شۇجىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دالا ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇپ، يولداش ليۇ بوچېڭ بىلەن بىرلىكتە چوڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا كۆچۈپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ناھايىتى كۆپ يول يۈرۈپ، دابيېشەنگە كىرىپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىدا مەملىكەت بويىچە ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ جەڭ باسقۇچىدا، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دالا ئارمىيىسى بىلەن شەرقىي جۇڭگو دالا ئارمىيىسىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان باش ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 1-شۇجىسى بولۇپ، ئاشۇ ئىككى دالا ئارمىيىسىدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئۈچ چوڭ ئۇرۇش ئىچىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ خۇەيخەي ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلدى، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، نەنجىڭ، شاڭخەينى ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى ئۆلكىلەرنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە قوشۇن باشلاپ، غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، شىزاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش شۇنىڭدەك ئىقتىساد، مەدەنىيەت بىرقەدەر ئارقىدا قالغان شارائىتتا سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدە قانداق ئىزدىنىش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ غەربىي جەنۇبتىن بېيجىڭغا يۆتكىلىپ، مەركەزنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتنىشىپ، مەمۇرىي ئىشلار كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولدى، پارتىيە 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلاندى. ئۇ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 8-قۇرۇلتىيىدا پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان شارائىتتا ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە چوڭقۇر شەرھلىدى. پارتىيە 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1-ئومۇمىي يىغىنىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا ۋە باش شۇجىلىقىغا سايلاندى. ئۇ باش شۇجى بولۇپ ئىشلىگەن ئون يىل جەريانىدا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورنىتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى قانات يايدۇرۇش، سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، خاتالىقلارنى تۈزىتىش، سىياسەتنى تەڭشەش، ئاساسلىقى «سول» چىللىق خاتالىقتىن پەيدا بولغان ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، نۇرغۇن توغرا تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى، خىزمەتنى ئاجايىپ ئۈنۈملۈك ئىشلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»—سوتسىيالىزم دەۋرىدە، پارتىيىمىز تارىخىدا كۆرۈلگەن ئېغىر خاتالىق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ خاتا تەنقىد قىلىندى ۋە كۈرەش قىلىندى، بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، سىياسىي ھاياتىدا يەنە بىر قېتىم ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. لىن بياۋنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش سۇيىقەستى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1975-يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى بولۇپ، پارتىيىنىڭ، دۆلەتنىڭ ۋە ئارمىيىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ مۇدھىش دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ، جۈرئەتلىك بولۇشنى تەكىتلەپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇيان پەيدا بولغان ئېغىر قالايمىقانچىلىقنى دادىل ئوڭشىدى. ئۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى، ئار-نومۇسى، ئامان-ئېسەنلىكى، خەۋپ-خەتىرى بىلەن ھېسابلاشماي، يەنە بىر قېتىم ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە قارىماي، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى. بۇ قېتىمقى تەرتىپكە سېلىش، ماھىيەتتە، كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ سىنىقى بولۇپ، كەڭ كادىرلارنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە ۋەكىللىك قىلدى، قىسقىغىنا ۋاقىتتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. تەرتىپكە سېلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ خاتالىقلىرىنى سىستېمىلىق تۈزەتكەنلىكى ئۈچۈن، يولداش

دېڭ شياۋپىڭ «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملى چىقاردى» دەپ يەنە ئەيىبلىنىپ، يەنە بىر قېتىم بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن خاتا ئېلىپ تاشلاندى، بۇ — ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى 3-قېتىملىق ئېغىر ئوڭۇشسىزلىق. لېكىن ئۇ تەرتىپكە سېلىشنىڭ نەتىجىلىرى ۋە تەرتىپكە سېلىشتا ئىپادىلەنگەن جاسارىتى بىلەن پارتىيىنىڭ، ئارمىيىنىڭ، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلىش ئۇچۇن كەڭ ئاممىۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو زور تارىخىي ئۆتكەلگە — ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پەيدا قىلغان ئېغىر ئەھۋالنى ئوڭشاش-ئوڭشىيالماسلىق، قىيىنچىلىق ئىچىدە قايتا قوزغىلىپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتىغا يېڭى يول ئېچىش-ئاچالماسلىق ئۆتكىلىگە دۇچ كەلدى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە خەلقنىڭ جىددىي تەلپى بىلەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇرۇنقى ۋەزىپىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىدىغان ئومۇمىي يىغىنىدا ئۇ: مەن خىزمەتكە كىرىشكەندە ئىككى خىل پوزىتسىيىدە بولۇشۇم مۇمكىن، بىرى ئەمەلدار بولۇش، يەنە بىرى ئاز-تولا ئىشلەش. مېنىڭچە، كىم سېنى كوممۇنىست بولسۇن دەپتۇ؟ كوممۇنىست بولغانىكەنسەن، ئەمەل تۇتۇشقا بېرىلسەڭ، خۇسۇسىي غەرەزدە بولساڭ، باشقىچە يول تۇتساڭ بولمايدۇ، دېگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ نۇرغۇن چىگىش ئىشلار ئىچىدىن يىراقنى كۆرەرلىكى، مول سىياسىي تەجرىبىسى ۋە ئالاھىدە رەھبەرلىك سەنئىتى بىلەن ھەل قىلغۇچ ھالقىنى تۇتۇپ، ئىشنى ئىدىيىۋى لۇشيەننى توغرىلاشتىن باشلاپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشىدى. ئۇ: ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش — ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى، دەپ تەكىتلىدى، «ئىككى ئومۇمەن» دېگەن خاتا كۆز قاراشقا قارشى تۇردى، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشنى قوللىدى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشىغا ئىدىيىۋى تەييارلىق كۆردى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىباشتىن تىكلىدى، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەشنى بەلگىلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىنى تۇتۇش قارارىغا كەلدى، كېيىن يەنە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتلىكىنى بايرىقى روشەن ھالدا تەكىتلىدى. پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنى شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىدىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇشتىن دېرەك بەردى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلىدىغان ۋە كۈچ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا مەركەزلەشتۈرۈلىدىغان يېڭى تارىخىي دەۋرنى ئاچتى. شۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن ئارقىلىق يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزگە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىغا سىياسىي ۋە نەزەرىيە جەھەتتىكى غايەت زور جاسارەت بىلەن ئىلمىي باھا بېرىشتە چىڭ تۇردى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ خاتا ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيىسىنى تۈپتىن ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يولداش ماۋ زېدۇڭنى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا پىكىر ئېقىمىغا قەتئىي تاقابىل تۇردى. ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، بۇ زور تەدبىرنى بەلگىلەشتىكى جاسارەت ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بارغانسېرى ئۈچۈق نامايان بولماقتا.

پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 12-قۇرۇلتىيىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلىرىمىزنى يەكۈنلەش ئارقىلىق چىقىرىلغان بۇ ئاساسىي يەكۈن يېڭى دەۋردە ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىمىزنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاساسىي شوئار بولۇپ قالدى. پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 13-قۇرۇلتىيى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسىگە ئاساسەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى مۇكەممەل يىغىنچاقلىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە رەھبەرلىك قىلىپ، زامانىۋىلىشىشنى ئۈچ قەدەم بويىچە ئاساسىي جەھەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىنى بېكىتتى. ئۇ مەھسۇلاتقا باغلاپ ئائىلە بويىچە ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان يېزا ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ۋە ئىلگىرى سۈردى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ بىردىنلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. ئۇ سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ئومۇمىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىزگە سوتسىيالىزمنى بازار ئىگىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ دېڭىز بويىدا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ قۇرۇلۇشى، دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى، شاڭخەي پۇدۇڭ يېڭى رايونىنىڭ ئېچىلىشى ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئالغا سۈرۈپ، ئىشىكنى سىرتقا ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. ئۇ ئوتتۇرا-غەربىي رايونلار ۋە نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى پەيدىنپەي تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن يېڭى ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىلىمگە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئاممىنىڭ ئىجادكارلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە يۈكسەك دەرىجىدە قىزغىن مەدەتكار بولۇش، ئاممىنىڭ تەجرىبىسىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ۋە پائال ئومۇملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنىمۇ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. يېڭى

دەۋردىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىز يېزا ئىسلاھاتىدىن شەھەر ئىسلاھاتىغىچە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغىچە، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇشتىن ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكىچە بولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتىدىغان ئۇلۇغ تارىخىي مۇساپىنى باشتىن كەچۈردى. جۇڭگونىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۈچقاندەك راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆپ ئۆستى، دۆلەتنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، ئامما بۇنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلدى.

80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا مەملىكەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا سىياسىي داۋالغۇش بولدى، پارتىيىمىز يەنە بىر زور تارىخىي پەيتكە دۇچ كەلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋە باشقا پېشقەدەم يولداشلارنىڭ قەتئىي، كۈچلۈك مەدەتكارلىقى بىلەن، خەلققە تايىنىپ، بايرىقى روشەن ھالدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى، ئىززەت-ھۆرمىتى، بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇردى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇستەھكەم، ئېنىق مەيداندا تۇرغانلىقى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بەردۇق، ئىشلىرىمىز پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا بەلگىلەنگەن يولنى بويلاپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ خېلى بۇرۇنلا كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسى جەھەتتىكى باقمەندىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىش ئارزۇسىنى بىرنەچچە قېتىم سەمىمىيلىك بىلەن بىلدۈردى. پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيى ئۇنىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىدىلا قېلىشىغا قوشۇلدى. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى ئۇنىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشىگىمۇ قوشۇلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يېڭى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشى، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇقىملىقىنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنگەندىن كېيىنمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش يولىدىكى ئىشلىرىغا يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ 1992-يىلىنىڭ بېشىدا جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇھىم سۆھبەت بايان قىلىپ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئاساسىي ئەمەلىيىتى ۋە ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلىدى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قوچۇپ ۋە چىرماپ كەلگەن نۇرغۇن چوڭ-چوڭ تونۇش مەسىلىلىرىگە نەزەرىيە جەھەتتە ئېنىق جاۋاب بەردى، بۇ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنى

ياخشى ئېچىشتىلا مۇھىم يېتەكچى رول ئويناپ قالماستىن، پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭگونىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ۋە 14-قۇرۇلتايىنى بەلگە قىلغان سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا كىردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 89 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى تەھرىرلەشكە ئۆزى زىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ماقالىلەرنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ بېكىتتى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى بىلەن 2-تومىغا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدىكى ئىجادكارلىققا باي مۇھىم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسى ۋە پارتىيىنىڭ مۇشۇ نەزەرىيە يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن ئاساسىي لۇشيەنى يەنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى — ئۇ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ قىممەتلىك بايلىق. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسى — تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىتتا، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم غەلىبە قىلغان ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ھەم باشقا سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ گۈللىنىش-خارابلىشىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-مەغلۇب بولۇش جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پرولېتارىيات خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنى قۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش تازا ئوبدان يەكۈنلەشكە ۋە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدىغان مۇھىم تارىخىي تېما بولۇپ قالدى. سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى يېڭى ۋەزىيىتى ۋە يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى بىزگە تارىخىي سېلىشتۇرۇش ۋە خەلقئارا كۆزىتىش ئاساسىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسىنىڭ توغرىلىقىنى تونۇتتى. بۇ نەزەرىيە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان جۇڭگودەك دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قاتار تۈپ مەسىلىگە تۇنجى قېتىم دەسلەپكى قەدەمدە بىرقەدەر سىستېمىلىق جاۋاب بەردى. ئۇ — ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرى بىلەن زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو ماركسىزمى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزنى ئۆزى ئىجاد قىلغان پارلاق ئىنقىلابىي نەزەرىيە بىلەنلا يېتەكلەپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىدە يېتىلدۈرگەن روشەن ئىنقىلابىي خىسلىتى بىلەنمۇ تەسىرلەندۈرمەكتە. ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە خىسلىتى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنقىلابىي، ئەمەلىي

پائالىيىتىدە، «ئۈچ قېتىم چۈشۈش، ئۈچ قېتىم چىقىش» كەچۈرمىشىدە ۋە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتىغا باتۇرلۇق بىلەن يېڭى يول ئېچىش جەريانىدىمۇ ئىپادىلەندى. ئۇ زەربىگە خاتا ئۇچراپ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا چۈشكۈنلەشمىدى، ھامان ئۇمۇمىيەتچىل بولۇپ، ھېچنېمىدىن قورقماي، ئىگىلمەي-سۇنماي، تەمكىنلىكى ۋە قەتئىيلىكىنى كۆرسەتتى، پارتىيە ۋە خەلققە چەكسىز سادىق بولدى، ئىشلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىدى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ ھامان جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرى ۋە تۈپ قانۇنىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر باش قاتۇراتتى. يېڭى، تېخىمۇ چوڭ ئىش تەۋرىتىشكە تىرىشاتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ تارىخنىڭ ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەلپىگە لايىقلىشىپ، ئوڭۇشسىزلىقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، يېڭىباشتىن دەس تۇرۇپ، ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى ۋە قايتىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ئۇنى سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ قانداق قىلغاندا سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە قەتئىيلىك بىلەن رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى. ئۇ يېڭى يول ئېچىش جەريانىدا ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلدى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تومۇرى ۋە پۇرسىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن چىڭ تۇتتى، ھەم ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلدى، ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ ھەم دۇنيانىڭ تەجرىبىسىنى ئەينەك قىلدى، ھەم باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كەلمىدى، ھامان جۇڭگونىڭ رېئاللىقى ۋە ھازىرقى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، يېڭى چارىلەرنى ياراتتى. ئۇ ئاممىغا ھۆرمەت قىلدى، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا ھەرقاچان كۆڭۈل بۆلدى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقنى ھامان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت تۈزۈشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش نۇقتىسى قىلدى. ئۇ يىراقنى كۆزلەپ، كۆكس-قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، ھامان ھەر خىل چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتۇش ئاساسىدا كۆزەتتى ۋە بىر تەرەپ قىلدى. ئۇ ئەمەلىي ئىشلەشنى ئەلا بىلەتتى، ھەرىكەتتە كەسكىن ئىدى، ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە چوڭ-چوڭ تەدبىر بەلگىلىگەندە، تېخىمۇ ئاجايىپ شىجائىتى ۋە جاسارىتىنى نامايان قىلاتتى. ئۇنىڭ خىسلىتى ئۇنىڭ ئىشلىرى ۋە ئىدىيىسى بىلەن بىللە قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋاپاتى—پارتىيىمىز، ئارمىيىمىز، ھەر مىللەت خەلقىمىز ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز يوقىتىش. مەركەز پۈتۈن پارتىيىنى، پۈتۈن ئارمىيىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيدىغان ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ياد ئېتىشكە چاقىرىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىجاد قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مۇشۇ

نەزەرىيە يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن ئاساسىي لۇشيەنى — ئەمەل قىلىشىمىز شەرت بولغان ھەرىكەت قىبلىنامىمىز. ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى سەپەردە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىمىزنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىسى ۋە ئېتىقادى، شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ئارزۇسى. بىز تېخىمۇ ئاڭلىق ئاساستا مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتكە كېلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئالغا بېسىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىز، تۈرلۈك خاتا خاھىشلارنىڭ كاشىلىسىنى تۈگىتىشىمىز، ھەرقانداق ئەھۋالدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش — پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ مەركىزى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنىڭ بەلگىلەنگەنلىكى — يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە رەھبەرلىك قىلىپ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش يولىدا ئورۇندىغان ئەڭ تۈپ ئىش. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىمى بويىچە، بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، بارلىق خىزمەتلەردە بۇ مەركەزگە بويسۇنۇشىمىز ۋە خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. تەرەققىيات — چىڭ قائىدە. پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇش ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا باغلىق. بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئەقىل-پاراسىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، دۆلەتنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئەمگەكچىلەر سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە تايىنىش يولىغا سېلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشى ئاساسىدا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئىسلاھات — جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە ئومۇمىي ئىسلاھاتنى ئومۇمىي جەھەتتىن لايىھىلەپ بەردى. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىمى بويىچە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ توسالغۇلىرىنى تۈگىتىدىغان، پۈتكۈل ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاچقۇچ قىلىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، ھەرخىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش — ئالدىنقىلار ھېچقاچان قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىش. قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئاساسىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شۇنىڭغا يارىشا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز، چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش — جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: ھازىرقى دۇنيا — ئوچۇق دۇنيا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولىنى تۇتۇشىمىز

كېرەك، دەپ ئىزچىل تەكىتلىگەندى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىمى بويىچە دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلەپ، جىددىي سىناققا باتۇرلۇق بىلەن ئاتلىنىپ، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرتەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەللىرى ياراتقان بارلىق ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى كەڭ قوبۇل قىلىپ ۋە ئەينەك قىلىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي-تېخنىكىۋى ھەمكارلىققا ۋە رىقابەتكە پائال قاتنىشىشىمىز كېرەك.

خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى—ئىشلىرىمىزنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سىياسىي كاپالىتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەندى. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىمى بويىچە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز، سوتسىيالىستىك دېموك-راتىيىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، تىنچ-ئىتتىپاقلىق، جانلىق-جۇشقۇنلۇق ئاساسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى—دۆلەتنىڭ ئۇلى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەربىي ھاياتى ئۇنىڭ شانلىق ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا ئېنىق يۆنىلىش ۋە يول كۆرسىتىپ بەردى. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىمى بويىچە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئومۇمىيىتى ئاساسىدا، ئارمىيىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، مۇنتىزىملىشىش، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، قوشۇننى خىللاشتۇرۇشنىڭ جۇڭگوچە يولىغا مېڭىپ، ئارمىيىمىزنى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، بىخەتەرلىكىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى قوغداش جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى تۆھپە قوشىدىغان قىلىشىمىز لازىم.

ماددىي مەدەنىيەتمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ ياخشى تۇتۇلسا، ئۇنداق سوتسىيالىزم ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ئىككى مەدەنىيەت»نى تەڭ تۇتۇش، ھەرئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا مەنىۋى مەدەنىيەتكە تېخىمۇ سەل قارىماسلىقنى ئىزچىل تەكىتلىدى. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىمى بويىچە «غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەت-لىك، ئىنتىزاملىق» بولۇشنى نىشان قىلىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق سۈپىتىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىدىغان، مەۋقە دۆلىتىمىزگە قويۇلغان

ھەم دۇنياغا يۈزلەنگەن، ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ھەم دەۋر تەلپىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ۋەتەننى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈش — پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بىرلىكنى «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» ئۇسۇلى ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش — يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىمى بويىچە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. جۇڭگو-ئەنگلىيە، جۇڭگو-پورتۇگالىيە كېلىشىملىرىگە ئاساسەن، شياڭگاڭ پات ئارىدا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئاۋمېن 1999-يىلى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ، تەيۋەن مەسىلىسىمۇ ئاخىر ھەل بولىدۇ، ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكى جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

كۆپچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش تىنچ خەلقئارا مۇھىتقا مۇھتاج. يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشنى ئىلمىي ئاساستا كۆزىتىپ، بىزگە رەھبەرلىك قىلىپ خەلقئارا ستراتېگىيىنى قايتا بېكىتتى، ياپونىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشىدى، ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر ۋە 3-دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇردى ۋە يېڭى دەۋردىكى تاشقى مۇناسىۋەتتە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىمى بويىچە مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش، خەلقئارا سىياسىي يېڭى تەرتىپ ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرو كۈچ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى پارتىيىگە باغلىق، دەپ ئىزچىل تەلىم بېرىپ كەلدى. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىمى بويىچە پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ھەم ئۇنى قوغداپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ ئاكتىپلىق ئۇيۇشۇپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىمىزنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيىۋى، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتە تامامەن مۇستەھكەملەنگەن، خىلمۇخىل خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

يولداشلار، دوستلار! 14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن ئارمىيىگە،

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن بىللە، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە بەلگىلەپ بەرگەن «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش» تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدىكى 2-قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانغا مۇددەتتىن بۇرۇن يەتتى، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى ئومۇمىي پىلاننى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. ھازىر پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش يولىدا ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەر تىرىشچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلىنىۋاتىدۇ.

بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئۇلۇغ نامى، تۆھپىسى، ئىدىيىسى، خىسلىتى تارىخ سەھىپىسىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد خەلق قەلبىدە يادلىنىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ باشلاپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيا-لىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەڭگۈ ھايات!

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ، شانلىق ھاياتى

دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى ئابرويلۇق ئاتاقلىق رەھبىرى، ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سىياسىي ئەربابى، ھەربىي ئەربابى، دىپلوماتى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن كوممۇنىزم جەڭچىسى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھاياتى—شانلىق ھايات، جەڭگىۋار ھايات. ئۇ 70 نەچچە يىللىق جۇشقۇن ئىنقىلابىي ھاياتىدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى بەرپا قىلىش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

دېڭ شياۋپىڭ 1904-يىل 8-ئاينىڭ 22-كۈنى سىچۈەن ئۆلكىسى گۇاڭئەن ناھىيىسى شيېشىڭ يېزىسىنىڭ پەيفاڭ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئەسلى ئىسمى دېڭ شيەنشېڭ، بەش يېشىدا خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان، مەكتەپتىكى ئىسمى دېڭ شىشيەن ئىدى. كېيىن يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، گۇاڭئەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1919-يىلى كۈزدە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن فرانسىيىگە بارىدىغانلارنىڭ چۇڭچىڭدىكى تەييارلىق مەكتىپىگە كىرگەن. «4-ماي» ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭدا «دۆلەتنى سانائەت ئارقىلىق قۇتقۇزۇش» دېيىدىغان ساددا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە بارلىققا كەلگەنىدى، شۇڭا، ئۇ پۈتۈن مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە، ياپونىيە ماللىرىنى چەكلەش، ۋەتەن ساتقۇنلىرىنى ئەيىبلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. 1920-يىلى يازدا فرانسىيىگە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشقا بارغان.

دېڭ شياۋپىڭ فرانسىيىگە بارغاندىن كېيىن، تۇرمۇشتا قىيىنلىشىپ قېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرنەچچە ئاي ئوقۇپلا بىرنەچچە زاۋۇتتا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ تۇرمۇشنىڭ مۈشكۈللۈكىنى، كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارنى رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ بىر تۈركۈم ئىلغار جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، ماركسىزمنى قوبۇل قىلىپ، ئىنقىلاب يولىغا ماڭغان. ئۇ 1922-يىلى ياۋروپادىكى جۇڭگولۇق ئۆسمۈرلەر كومپارتىيىسى (كېيىن جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا ياچېيكىسىغا ئۆزگەرتىلگەن)گە كىرگەن، 1924-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ پرولېتارىيات كەسپىي ئىنقىلابچىسى يولىغا مېڭىپ، كوممۇنىزم جەڭچىسىگە ئايلانغان. ئۇ ياشلار ئىتتىپاقى ياۋروپا باش ياچېيكىسىنىڭ رەھبىرىي ئەزاسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتى لىئون رايونىنىڭ ئالاھىدە خادىمى

بولغان. ئۇ يەنە ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى — «قىزىل نۇر» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولغان.

1926-يىلىنىڭ بېشىدا، دېڭ شياۋپىڭ فرانسىيەدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، موسكۋا «شەرق» داشۆسىدە ۋە «جۇڭشەن» داشۆسىدە ئوقۇغان. ئۇ ئەينى چاغدا يازغان تەرجىمىھالىدا: «مەن روسىيەدە بىر كۈن تۇرسام، بىر كۈن تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، كوممۇنىزم توغرىسىدا ئوبدانراق تونۇشقا ئىگە بولىمەن»، «مەن موسكۋاغا كەلگەندە ئۆزۈمنى پارتىيىمىزگە، ئۆز سىنىپىمغا قەتئىي تاپشۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم» دېگەن.

دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 1927-يىلى ئەتىيازدا ۋەتەنگە قايتىپ، شىئەنگە بېرىپ، فېڭ يۈشياڭنىڭ مىللىي بىرلەشمە ئارمىيىسى «جۇڭشەن» ھەربىي مەكتىپى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان ھەم شۇ مەكتەپتىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتىنىڭ شۇجىسى بولغان. جياڭ جيېشى شاڭخەيدە «12-ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ 6-، 7-ئايلاردا خەنكوۋغا يۆتكىلىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئورگىنىدا ئىشلىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ۋاڭ جىڭۋېي باشچىلىقىدىكى ۋۇخەن ھۆكۈمىتىمۇ كومپارتىيىگە ئاشكارە قارشى تۇرۇپ، دەھشەتلىك ئاق تېررورلۇق پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. مەخپىي خىزمەت مۇھىتىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسمىنى دېڭ شياۋپىڭ دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇ 8-ئاينىڭ 7-كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جىددىي يىغىنى («7-ئاۋغۇست» يىغىنى)غا قاتناشقان، يىغىن چېن دۇشيۇنىڭ ئوڭچىل تەسلىمچىلىكىنى تۈزىتىپ ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىپ، يەر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت باش فاڭجېننى بەلگىلىگەن. يىل ئاخىرىدا، ئۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئورگىنى بىلەن بىللە شاڭخەيگە مەخپىي كۆچۈپ بارغان. 1928-يىلدىن 1929-يىلغىچە مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1928-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى موسكۋادا مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتاي ئاچقاندا، ئۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ مەملىكەت ئىچىدە قالغان رەھبەرلىرىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان.

بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىنقىلابنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، بىر قاتار قوراللىق قوزغىلاڭ قوزغىغان. 1929-يىلى يازدا دېڭ شياۋپىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە گۇاڭشىغا بېرىپ، قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ ئىسمىنى دېڭ بىن دەپ ئۆزگەرتىپ، ج ك پ گۇاڭشى ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان، جياڭ يۈنيى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە 12-ئايدا بەيسې قوزغىلىڭىنى قوزغاپ، قىزىل ئارمىيە 7-جۈنى ۋە يۇجياڭ تايانچ بازىسىنى قۇرغان. ئىككىنچى يىلى 2-ئايدا يەنە لۇڭجۇ قوزغىلىڭىنى قوزغاپ، قىزىل ئارمىيە 8-جۈنى ۋە زوجياڭ تايانچ بازىسىنى قۇرغان. ئۇ قىزىل ئارمىيە 7-جۈنى، 8-جۈنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋە ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئادىمى تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە كۆپىيىپ 7000غا يەتكەن، قىزىل رايون 20 نەچچە

ناھىيىگە كېڭىيىپ، ئاھالىسى 1 مىليوندىن ئاشىدىغان، ئەينى ۋاقىتتا خېلى چوڭ ھېسابلىنىدىغان ئىنقىلابىي تايانچ بازىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. پارتىيە ئىچىدىكى «سول» چىل تەۋەككۈلچىلىك خاتالىقىنىڭ تەسىرى بىلەن، قىسىملار ئۇرۇشتا ئارقا-ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، 7000 چاقىرىملىق مۇساپىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىشقا، جياڭشىدىكى مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىغا بېرىپ، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە بىلەن قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان. دېڭ شياۋپىڭ «سول» چىل خاتا قوماندانلىققا قارشى باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىنمىغان. 1931-يىل 2-ئايدا، ئۇ ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، مەركىزىي كومىتېتقا خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن شاڭخەيگە بارغان. شۇ مەزگىلدە ئۇ «7-جۈننىڭ خىزمەت دوكلاتى» نى يېزىپ، قىزىل ئارمىيە 7-جۈننىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلغان، قوزغىلاڭنىڭ ئالدى-كەينىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن.

دېڭ شياۋپىڭ 1931-يىلى يازدا، جياڭشى مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىغا بېرىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ رۈيجىن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، خۇيچاڭ ناھىيىلىك مەركىزىي پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. شۇ چاغدا «سول» چىل تەۋەككۈلچىلىك يولىنى تۇتقان ج ك پ ۋاقىتلىق مەركىزىي كومىتېتى شاڭخەيدىن مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىغا كۆچۈپ كەلگەندى، دېڭ شياۋپىڭ، ماۋ زېتەن، شيې ۋېيجۇن، گۇ بو قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى توغرا لۇشيەننى ئىجرا قىلغان؛ ئۇلار «شەھەرنى مەركەز قىلىش نەزەرىيىسى» گە قارشى تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ كۈچى ئاجىز بولغان كەڭ يېزىلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان؛ ھەربىي تەۋەككۈلچىلىككە قارشى تۇرۇپ، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان؛ ئاساسىي كۈچ بولغان قىزىل ئارمىيىنى يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش چارىسى ئارقىلىق كېڭەيتىشكە قارشى تۇرۇپ، ئىككى خىل قوراللىق كۈچنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان؛ «سول» چىل يەر تەقسىملەش سىياسىتىگە قارشى تۇرغان. ۋاقىتلىق مەركىزىي كومىتېت دېڭ شياۋپىڭ، ماۋ زېتەن، شيې ۋېيجۇن، گۇ بولارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرغان. دېڭ شياۋپىڭ ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، پارتىيە ئىچىدە ئاخىرقى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش چارىسى كۆرۈلۈپ، مەركىزىي سوۋېت رايونىنىڭ چېتىدىكى لېئەن ناھىيىسىگە قاراشلىق نەنسۇن رايونلۇق پارتكومغا كۆزدىن كەچۈرگۈچى بولۇشقا ئەۋەتىلگەن. بۇ ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا كۆرۈلگەن تۇنجى خاتا چارە ئىدى. كېيىن ھەربىي كومىتېت سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جياشياڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، ئۇ باش سىياسىي بۆلۈمگە يۆتكىلىپ باش كاتىپ بولغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ ئورگان گېزىتى—«قىزىل يۇلتۇز» گېزىتىنى چىقىرىشقا مەسئۇل بولغان.

1934-يىل 10-ئايدا دېڭ شياۋپىڭ مەركىزىي قىزىل ئارمىيە بىلەن بىللە ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1935-يىل 1-ئايدا ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىدىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە زۇنيى يىغىنىغا

قاتناشقان، يىغىندا ماۋ زېدوڭ ۋەكىللىكىدىكى يېڭى مەركىزىي كومىتېتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى تىكلەنگەن. قىزىل ئارمىيىنىڭ 1-، 4-يۈنىلىش ئارمىيىلىرى ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇ قىزىل ئارمىيە 1-جۈنتۈەنى سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قىزىل ئارمىيە 1-جۈنتۈەنى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولغان.

ياپون جاھانگىرلىكى 1937-يىلى جۇڭگوغا قارشى ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. چوڭ دۈشمەن ئالدىدا گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئىككىنچى قېتىم ھەمكارلاشتى. جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ 8-ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1937-يىل 8-ئايدا، دېڭ شياۋپىڭ 8-ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ شىمالىي جۇڭگو ئالدىنقى سېپىگە بارغان. 1938-يىل 1-ئايدا ئۇ 8-ئارمىيە 129-شىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان، ليۇ بوچېڭ شىجاڭ بولغان.

دېڭ شياۋپىڭ بىلەن ليۇ بوچېڭ 129-شىنى باشلاپ، ياپون تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارنىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، تەيخاڭشەننى مەركەز قىلىپ، تاغلىق رايونغا تايانغان ھەمدە تۈزلەڭلىككە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. ئۇلار قىسىمنى باشلاپ بىر قاتار جەڭلەرنى قىلىپ، تەيخاڭشەندە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرغاندىن كېيىن، قىسىمنى بۆلۈپ، ئاممىنى قوزغاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەنشى-خېبېي-خېنەن تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، قىسىمنى باشلاپ بېيپىڭ—خەنكۇ تۆمۈريولىدىن ئۆتۈپ، شەرقتىن جەنۇبىي خېبېي تۈزلەڭلىكىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەنۇبىي خېبېي تايانچ بازىسىنى قۇرغان؛ يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تەييۈ ۋە غەربىي شەندۇڭ قاتارلىق تايانچ بازىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خېبېي—شەندۇڭ—خېنەن تايانچ بازىسىنى قۇرغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، 1939-يىل 12-ئايدا گومىنداڭنىڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرى كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى 1-قېتىملىق دولقۇن قوزغاپ، 8-ئارمىيىنىڭ باش شتابى ۋە 129-شى تۇرۇشلۇق تەيخاڭشەن رايونىغا كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى. 1940-يىل 3-ئايدا، ليۇ بوچېڭ-دېڭ شياۋپىڭ قىسمىنىڭ سەنشى-چاخار-خېبېي ھەربىي رايونىغا قاراشلىق قىسىملارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، جاسارەت بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئاتلىنىپ، تەيخاڭشەن رايونىغا ھۇجۇم قىلغان گومىنداڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرى قوشۇنلىرىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلغان. ياپون قوشۇنلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شىمالىي جۇڭگو تايانچ بازىلىرىغا قاراتقان «تازىلىشى»نى تارمار قىلىش، ياپون قوشۇنلىرىنىڭ «قەپەز سىياسىتى»گە زەربە بېرىش ئۈچۈن، 8-ئارمىيە 1940-يىل 8-ئايدىن باشلاپ ياپون قوشۇنلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى شىمالىي جۇڭگونىڭ قاتناش لىنىيىلىرى ۋە بازىلىرىدا كەڭ كۆلەملىك زەربە بېرىش ئۇرۇشى يەنى «100 تۈەن ئۇرۇشى»نى قوزغىغان، ليۇ بوچېڭ-دېڭ شياۋپىڭ ئۆز قىسمىغا قاراشلىق 38 تۈەننى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان، ئۇلار 500 قېتىمدىن ئارتۇق جەڭ قىلىپ، ياپون قوشۇنى ۋە قورچاق قوشۇنلارغا

ئەجەللىك زەربە بەرگەن.

1941-يىلدىن باشلاپ، شىمالىي جۇڭگونىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش ئەڭ جاپالىق باسقۇچقا كىرگەنىدى. 1942-يىل 9-ئايدا دېڭ شياۋپىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەيخاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. پېڭ دېخۇەي، ليۇ بوچېڭ ئىستىل تۈزىتىشكە قاتنىشىش ئۈچۈن يەنئەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ 1943-يىل 10-ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىمال بيۇروسىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بولغان ۋە 8-ئارمىيە باش شتابىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان، جاپالىق شارائىتتا شىمالىي جۇڭگو دۈشمەن ئارقا سېپىگە جايلاشقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارغا يۈزلىنىش، قاتناش لىنىيىلىرىگە يۈزلىنىش، دۈشمەن ئىچكىرىلەپ كىرسە بىزمۇ ئىچكىرىلەش فاڭجېنى بويىچە پارتىزانلىق ئۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائال قانات يايدۇرۇپ، قىسمىنىڭ ياپون قوشۇنلىرىنىڭ ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك «تازىلىشى»نى بىتچىت قىلىشقا قوماندانلىق قىلغان ۋە پۈتۈن رايوننىڭ پارتىيە قۇرۇش، ئارمىيە قۇرۇش، ھاكىمىيەت قۇرۇش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشقا، ئىستىل تۈزىتىش، قوشۇنلارنى خىللاشتۇرۇش، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش-ئۆسۈمنى ئازايتىش ۋە كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، «پارتىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەت»، «129-شىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى، ۋەزىپىسى ۋە بۇ خىزمەتنىڭ تىرىشىش نىشانى»، «بەش يىلدىن بۇيانقى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتىن قىسقىچە خۇلاسە»، «تەيخاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى»، «شىمال بيۇروسى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»قاتارلىق ماقالە ۋە نۇتۇقلارنى ئېلان قىلغان. ئۇ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ بىر قاتار كونكرېت سىياسەت ۋە تاكتىكىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھەر جەھەتتىن كۈچ توپلاپ، ستراتېگىيە-لىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ شىمال بيۇروسى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى—جۇڭگوچە ماركسىزم-لېنىنىزم، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش لازىم، دەپ كۆرسەتكەن. 1945-يىل 6-ئايدا دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1945-يىل 8-ئايدا ياپون تەسلىم بولغاندا، ئۇ ليۇ بوچېڭ بىلەن قىسمىنى باشلاپ بەرپا قىلغان تەيخاڭ، تەييۆ، جەنۇبىي خېبېي، خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن تايانچ بازىسى قاتارلىق تۆت تايانچ بازا ئاساسىي جەھەتتىن بىر-بىرىگە تۇتىشىپ، مەملىكەت بويىچە ئاھالىسى 24 مىليونغا، ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئادىمى 300 مىڭغا يەتكەن ئەڭ چوڭ ئازاد رايون بولۇپ قالدى. شۇ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن مەركىزىي بيۇروسى ۋە شەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن ھەربىي رايونى قۇرۇشنى قارار قىلغان، دېڭ شياۋپىڭ مەركىزىي بيۇرونىڭ

شۇجىسى ۋە ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى، ليۇ بوچېڭ ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى بولغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ كومپارتىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش بىلەن بىللە، ئۈزلۈكسىز تۈردە قىسمەن ئۇرۇش قوزغاپ تۇردى، ليۇ بوچېڭ-دېڭ شياۋپىڭ رەھبەرلىكىدىكى سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن ئازاد رايونى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توغرىسىغا كىرىشىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي جۇڭگو ۋە شەرقىي شىمال ئازاد رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىش يولىنى توستى، ھەربىي جەھەتتە ستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇن بولغاچقا، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇمىنىڭ تىغ ئۇچىنى ئالدى بىلەن مۇشۇ رايونغا قاراتتى. 1945-يىل 9-ئايدا دېڭ شياۋپىڭ ليۇ بوچېڭ بىلەن مەشھۇر شاڭداڭ ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئازاد رايوننىڭ مەركىزىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن ئازاد رايونىنى مۇستەھكەملىگەن، شۇنىڭدىن كېيىن قوشۇن تارتىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، بېيپىڭ-خەنكۇ تۆمۈر يولىنى بويلاپ، شىمالغا ھۇجۇم قىلغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىپ، خەندەن ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئازاد رايونلارغا قاراتقان ھۇجۇمىنى كۈچلۈك توسۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چوڭچىڭ سۆھبىتىدىكى ئورنىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. 1946-يىل 6-ئايدا، جياڭ جيېشى ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. ليۇ بوچېڭ-دېڭ شياۋپىڭ سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ- خېنەن دالا ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ، لۇڭخەي تۆمۈريولىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەرىكەتچان ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ ۋە چېكىنىپ، ئارقا-ئارقىدىن لۇڭخەي ئۇرۇشى، دىڭتاۋ ئۇرۇشى، جۈيې ئۇرۇشى قاتارلىق خېلى چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جانلىق كۈچىنى كۆپلەپ يوقاتقان.

1947-يىل 5-ئايدا، دېڭ شياۋپىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بيۇروسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 6-ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭ ستراتېگىيىلىك مۇداپىئەدىن ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈش، ئۇرۇشنى گومىنداڭ رايونلىرىغا كېڭەيتىش بويىچە بەلگىلىگەن ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، دېڭ شياۋپىڭ ليۇ بوچېڭ بىلەن بىرلىكتە سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن دالا ئارمىيىسىنىڭ 120 مىڭ كىشىلىك ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن—تەبىئىي خەۋپلىك توساقتىن ئۆتكەن، ئۇلار شەندۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونىدا 28 كۈن ئۇدا جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ 56 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش يولىنى ئاچقان. ئۇلار ئارقىدىنلا چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلىپ، توختىماي ئىلگىرىلەپ، ئالدىدىن توسۇپ، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنى ئىچىدىن قانلىق جەڭ بىلەن يول ئېچىپ، ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپ، دابيېشەن تاغلىق رايونغا كىرىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىدا ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان. ليۇ بوچېڭ-دېڭ شياۋپىڭ قوشۇنى دابيېشەن رايونغا كىرگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاستە تەھدىت

پەيدا قىلغان، بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسى ئاساسىي كۈچىنى ياردەمگە يۆتكەشكە مەجبۇر بولغان. دابېيشەن رايونىنى قورشىۋالغان دۈشمەن قوشۇنى كۆپەيتىلىپ تەخمىنەن 200 مىڭغا يېتىپ كۈرەش ئىنتايىن مۇشكۈللەشكەن. دېڭ شياۋپىڭ قىسىملارنى رىغبەتلەندۈرۈپ: بىز دابېيشەندە يۈكنى كۆپرەك زىممىمىزگە ئالساق، باشقا قىسىملار ۋە جايلارنىڭ دۈشمەنلەرنى كۆپلەپ يوقىتىشى ۋە خىزمەتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ، بۇ ئومۇمىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، بىز ھەرقانچە ئاجىزلاپ كەتسەكمۇ، جاپا تارتساقمۇ قەتئىي بەرداشلىق بېرىشىمىز كېرەك، دېگەن. ليۇ بوچېڭ- دېڭ شياۋپىڭ دابېيشەن تايانچ بازىسىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ دۈشمەنگە ئاكتىپ، جانلىق زەربە بېرىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ دابېيشەن رايونىغا كۆپ قوشۇن بىلەن تەكرار بېسىپ كىرىپ، «قورشاپ يوقىتىش»نى ئۈزلۈكسىز تارمار قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغان. ليۇ بوچېڭ-دېڭ شياۋپىڭ قوشۇنى دابېيشەنگە كىرىپ، ئۈزلىرى بىلەن بىللە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان باشقا ئىككى دالا ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا « 品 » شەكىللىك سەپ تۈزۈپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ جەنۇبىي سەپتىكى 160 نەچچە لۈيىدىن 90 لۈينىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ۋە جەلپ قىلىپ، ئۇرۇش سېپىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا كېڭەيتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئازاد رايونلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان مۇھىم ئارقا سەپتىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاتلىنىدىغان ئىلگىرىلەش بازىسىغا ئايلاندۇرغان. 1948-يىل 5-ئايدا، دېڭ شياۋپىڭ باشقۇرۇش تەۋەسى كېڭەيتىلگەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بيۇروسىنىڭ 1-شۇجىسى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەربىي رايونى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دالا ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان.

دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يېڭى ئازاد رايون بەرپا قىلىش داۋامىدا، «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يۈرۈش قىلىشنىڭ غەلىبىلىك ۋەزىيىتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسەت-تاكتىكا توغرىسىدا»، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە دائىر يوليورۇقنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا»، «بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى رايونلارغا كىرىشكە دائىر بىرقانچە پىكىر» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ۋە يوليورۇقلارنى ئېلان قىلغان، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يېڭى ئازاد رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ۋە سودا-سانائەت سىياسىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ پىكىرلەر ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭ تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە ماختالغان. 1948-يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دالا ئارمىيىسى بىلەن شەرقىي جۇڭگو دالا ئارمىيىسى ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، لوياڭ ئۇرۇشى، ۋەنشى ئۇرۇشى، ۋەندۇڭ ئۇرۇشى، شەرقىي خېنەن ئۇرۇشى، شياڭفەن ئۇرۇشى قاتارلىق يۈرۈشلەرنى قوزغاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىنى تارمار قىلغان.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1948-يىل 9-ئايدىن 1949-يىل 1-ئايغىچە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك

لياۋشېن، خۇەيخەي، پىڭجىن ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشتا تايىنىدىغان ئاساسىي ھەربىي كۈچىنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتتى.

1948-يىل 11-ئايدا خۇەيخەي ئۇرۇشى باشلاندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ليۇ بوچېڭ، چېن يى، دېڭ شياۋپىڭ، سۇ يۈي، تەن جېنلىندىن تەركىب تاپقان باش ئالدىنقى سەپ كومىتېتى قۇرۇشنى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ شۇجى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دالا ئارمىيىسى (كېيىن 2-دالا ئارمىيىسكە ئۆزگەرتىلگەن) ۋە شەرقىي جۇڭگو دالا ئارمىيىسى (كېيىن 3-دالا ئارمىيىسكە ئۆزگەرتىلگەن)گە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى قارار قىلدى. خۇەيخەي ئۇرۇشىدا جياڭ جيېشى تەخمىنەن 800 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىدى، ئەمما خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقان قىسىملىرىنىڭ ئاران 600 مىڭ ئادىمى بار ئىدى، قورال-ياراغ جەھەتتە گومىنداڭ قوشۇنى تېخىمۇ زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. باش ئالدىنقى سەپ كومىتېتى ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلدى، 66 كۈنلۈك جەڭ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ جەمئىي 555 مىڭ ئادىمى يوقىتىلىپ، خۇەيخەي ئۇرۇشىنىڭ تولۇق غەلىبىسى قولغا كەلدى. 1949-يىل 3-ئايدا دېڭ شياۋپىڭ ج ك پ 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقان ۋە قوشۇمچە شەرقىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 1-شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن. 2-، 3-دالا ئارمىيىلىرى 4-ئاينىڭ 21-كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ، باش قوماندان جۇ دېنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا چىقارغان بۇيرۇقىغا بىنائەن، دېڭ شياۋپىڭ شۇجىلىقىدىكى باش ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نەنجىڭ-شاڭخەي-خاڭجۇ ئۇرۇشىنى قوزغاپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ چاڭجياڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بىر يولىلا بۇزۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ھەيۋەت بىلەن ئۆتۈپ، نەنجىڭ، شاڭخەي، جياڭسۇ، ئەنخۇي، جېجياڭ، جياڭشى قاتارلىق ئۆلكە، رايونلارنى ئازاد قىلدى. نەنجىڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى بىلەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولغانلىقى جاكارلاندى.

1949-يىل 9-ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. ئۇ دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان. 10-ئايدا ئۇ جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. كېيىن ئۇ ليۇ بوچېڭ بىلەن بىرلىكتە قوشۇن باشلاپ غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يۈننەن، گۈيجۇ، سىچۈەن ئۆلكىلىرىنى بېسىپ ياتقان 900 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوراللىق كۈچىنى تېز يوقىتىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن قوغلاپ چىقارغان. دېڭ شياۋپىڭ غەربىي جەنۇبتا تۇرغان مەزگىلدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي جەنۇب بيۇروسىنىڭ 1-شۇجىسى، غەربىي جەنۇب ھەربىي-مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، غەربىي جەنۇب ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. ئۇ ليۇ بوچېڭ، خې لۇڭلار بىلەن بىرلىكتە قىسىملارنىڭ باندىتلارنى تازىلاش، جاھىل دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغانلىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلى-

شىشقا، دۈشمەن لاگېرىدىكى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىكى كىشىلەرنى پارچىلاپ قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر جەھەتتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سالغان؛ تارىختىن قېپقالغان مىللىي ئارازلىقنى ئېھتىياتچانلىق، سالماقلىق بىلەن تۈگىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ ئاممىنى قوزغاپ ۋە ئاممىغا تايىنىپ، يەر ئىسلاھاتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشنى كۈچەيتكەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چېڭدۇ-چۇڭچىڭ تۆمۈريولىنى ياساش قاتارلىق ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ، ئۇ يەردىكى قالايمىقانچىلىقنى ناھايىتى تېز ئۆزگەرتىپ، غەربىي جەنۇب رايونى تۇراقلىشىدىغان، راۋاجلىنىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى ياراتقان. ئۇ شىزاڭغا يۈرۈش قىلىش ۋە شىزاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان ۋە رەھبەرلىك قىلغان، شۇنىڭ بىلەن، ۋەتەن چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تولۇق ئازادلىقى ئىشقا ئاشقان.

1952-يىل 7-ئايدا دېڭ شياۋپىڭ مەركەزگە يۆتكىلىپ كېلىپ، دۆلەت مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا، قوشۇمچە مالىيە-ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن، كېيىن يەنە قوشۇمچە دۆلەت مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى قاتناش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان. ئۇ دۆلەت مالىيىسىنى نورمال، مۇقىم، ئىشەنچلىك ئاساسقا قويۇشنى، مالىيە خىزمىتىدە ئەتراپلىق قاراش بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1954-يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. دېڭ شياۋپىڭ گاۋ گاڭ-راۋشۇشىنىڭ پارتىيىنى پارچىلاش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش سۇيىقەستىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى زور كۈرەشكە مۇھىم تۆھپە قوشقان. 1955-يىل 4-ئايدا ج ك پ 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلانغان. 1956-يىل 9-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 8-قۇرۇلتاي چاقىردى. دېڭ شياۋپىڭ قۇرۇلتايدا پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە چوڭقۇر شەرھلىگەن، پارتىيە يېڭى سىناققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتىن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىدىن دائىم ھوشيار بولۇش لازىم، دەپ كۆرسەتكەن، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەندە، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، شەخسلەرنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىدىن ۋە چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى شەخسلەر نېرى-بېرى قىلىشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ ج ك پ 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1-ئومۇمىي يىغىنىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماۋ زېدۇڭ يادرولۇق قىلىدىكى 1-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇپ قالغان. ماۋ زېدۇڭ دېڭ شياۋپىڭنى باش شۇجىلىققا كۆرسەتكەندە، ئۇ ئومۇمىيەتكە بىر قەدەر ئېتىبار بېرىدۇ، ئۇ خېلى قابىلىيەتلىك، ئۇ ئىشتا خېلى ئەتراپلىق ۋە ئادىل، ئاق كۆڭۈل، دېگەنىدى.

1959-يىلى دېڭ شياۋپىڭ يەنە ج ك پ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن.

دېڭ شياۋپىڭ مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمىتىگە ئون يىل رىياسەتچىلىك قىلغان. بۇ ئون يىل دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇشنى باشلىغان ئون يىل بولدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، مۇھىم تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېغىر سەۋەنلىكلەرنىمۇ سادىر قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ 1-سېپىدە تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم تەدبىرلەرنى بەلگىلىشىگە قاتنىشىپ، نۇرغۇن جەھەتتە مۇھىم، توغرا تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئون يىل ئۇنىڭ خىزمىتى ئەڭ ئالدىراش بولغان ئون يىل ئىدى. ئۇ 8-قۇرۇلتاينىڭ لۇشيەنىنى پائال ئىزچىللاشتۇرغان، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش—بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسىي ۋەزىپە، كوممۇنىستىك پارتىيە نازارەتنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. 1958-يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى قوزغالغاندىن كېيىن، «سول» چىللىق خاتالىقى ئېغىر دەرىجىدە يامراپ كەتتى. ئارقىدىنلا خەلق ئىگىلىكىدە ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلى باشلاندى. ئۇ تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نورمال تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، جامائەت ئاشخانىسى، تەمىنات تۈزۈمى قاتارلىق مەسىلىلەردە خاتالىقنى تۈزىتىش توغرىسىدا پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» (لايىھە) تۈزۈلگەن، بۇ نىزام زۆرۈر قائىدە-تۈزۈملەرنى، نورمال ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئورنىتىش، كارخانا باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «مائارىپ مىنىستىرلىكىگە بىۋاستە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەت نىزامى» (لايىھە) مۇ تۈزۈلگەن. 1962-يىل 2-ئايدا تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تىن بۇيانقى خىزمەتلەردە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزىتىش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى مەركەزنىڭ 7000 كىشى قاتناشقان كېڭەيتىلگەن خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى. دېڭ شياۋپىڭ يىغىندا سۆز قىلىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇشىنى ساغلاملاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. شۇ يىلى 5-ئايدا ئۇ خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان كادىرلارنى ئاقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى «بىر يولىلا ھەل قىلىش» چارىسى ئارقىلىق بىر قېتىمدىلا ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغانلىقتىن، 1962-يىلى نۇرغۇن يېزىلاردىكى كادىرلار ۋە ئامما مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى تەلەپ قىلغان. دېڭ شياۋپىڭ بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، 1962-يىل 7-ئايدا مۇنداق بىر پرىنسىپنى يەنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى-

نىڭ قايسى خىل شەكلى قايسى جايدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئوڭايراق، تېزرەك ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئىمكان بەرسە، شۇ خىل شەكلىنى قوللىنىشنى، ئاما قايسى خىل شەكلىنى قوللىنىشنى خالىسا، شۇ خىل شەكلىنى قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

دېڭ شياۋپىڭ باش شۇجى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ھەرقايسى ئەل كومپارتىيىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كەڭ ئۇچراشقان. ئۇ كۆپ قېتىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ موسكۋاغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى پرىنسىپال مەيدانىنى قەتئىي قوغدىغان.

1966-يىلى ماۋ زېدۇڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا رەھبەرلىك قىلدى ۋە ئۇنى قوزغىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئون يىل داۋام قىلغان بۇ مالىمانچىلىقتا ئىككى قېتىم خاتا تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىنغان ھەمدە بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئىنقىلابىي ھاياتىدىكى ئەڭ مۇشەققەتلىك، ئەڭ ئەگرى-توقاي مەزگىلنى باشتىن كەچۈرگەن. 1969-يىل 10-ئايدا، ئۇ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجيەن ناھىيىسىگە ئەۋەتىۋېتىلگەن. ئۇ ھەر كۈنى ناھىيىلىك تراكتور رېمونت قىلىش زاۋۇتىدا يېرىم كۈن ئەمگەككە قاتنىشىپ، سېلىسارلىق قىلغان. ئۇ ئاشۇ مەزگىلدە نۇرغۇن ماركسىزم، لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى كىتابلارنى، جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان. لىن بياۋنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش سۇيىقەستى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ دېڭ شياۋپىڭنى مەقسەتلىك خىزمەتكە قويدى، جۇ ئېنلەينىڭ قوللىشى بىلەن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىق ۋەزىپىسى 1973-يىلى ئەسلىگە كەلدى. 1974-يىلى ئۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ب د ت نىڭ 6-نۆۋەتلىك پەۋقۇلئاددە يىغىنىدا سۆزگە چىقىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ دۇنيانى ئۈچكە بۆلۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق شەرھلىگەن. 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان ۋە گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ نامزاتى غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقاندا، ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭغا «تېپىلغۇسىز ئىختىساس ئىگىسى، سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە كۈچلۈك» دەپ باھا بەردى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جۇ ئېنلەينىڭ 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا بېرىدىغان «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»ى تەييارلاندى. 1975-يىل 1-ئايدا، ئۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى بولغان. جۇ ئېنلەينىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشى بىلەن، پارتىيە، دۆلەت ۋە ئارمىيىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇ ئاشۇ مەزگىلدە مۇدھىش دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا قارشى تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پەيدا قىلغان ئېغىر قالايمىقانچىلىقنى كەسكىنلىك بىلەن ئوڭشىغان. ئۇ پۈتۈن مەملىكەت تىنچ، ئىتتىپاق بولۇش، خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىگەن. ئۇ تۆمۈريول قاتنىشىنى ئىقتىسادنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلغان. ئۇنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن ئالاقىدار تارماقلار «سانائەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «پەن-تېخنىكا خىزمىتىدىكى

بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا» (دوكلات تېزىسى) ، «پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى توغرىسىدا» دېگەن ئۈچ ھۆججەتنى تەييارلاپ چىققان. ئۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئارمىيە، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، ئىلىم-پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ماۋ زېدۇڭ باشتا دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىزمىتىنى قوللىدى، لېكىن ئۇنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خاتالىقلىرىنى سىستېمىلىق تۈزىتىكەنلىكىگە چىداپ تۇرالماي، يەنە ئاتالمىش «دېڭ شياۋپىڭنى تەنقىد قىلىش، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنى قوزغىدى. 1976-يىل 1-ئايدا جۇ ئېنلەي ۋاپات بولدى. 4-ئاينىڭ 5-كۈنى تيەنئەنمېن مەيدانىدا جۇزۇڭلىغا تەزىيە بىلدۈرۈش، «تۆت كىشىلىك گورۇھ»قا قارشى تۇرۇش، دېڭ شياۋپىڭنى ھىمايە قىلىش ئاممىۋى ھەرىكىتى بولدى، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دېڭ شياۋپىڭغا تۆھمەت چاپلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ پارتىيە ئىچى-سىرتىدىكى ۋەزىپىلىرىدىن يەنە بىر قېتىم خاتا ئېلىپ تاشلاندى. 9-ئايدا ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولدى. 10-ئايدا «تۆت كىشىلىك گورۇھ» تارمار قىلىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشتى.

كەلگۈسىدىكى يىللاردا جۇڭگونىڭ قانداق يولغا مېڭىشى—100 مىليونلىغان خەلق ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زور مەسىلە. دېڭ شياۋپىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشتە تارىخىي خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى، «تۆت كىشىلىك گورۇھ»قا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغانلىقى ۋە مالىمانچىلىقتا ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىشقا رىياسەتچىلىك قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، پارتىيە ۋە خەلق ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابروي قازاندى. يې جيەنيىڭ، چېن يۈن قاتارلىقلارنىڭ پائال تۇرتكىسى بىلەن، 1977-يىل 7-ئايدا ج ك پ 10-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىق، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1977-يىل 8-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 11-قۇرۇلتىيىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. 1978-يىل 3-ئايدا ئۇ سىياسىي كېڭەش 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى، پۈتۈن مەملىكەتتە دۆۋىلىنىپ قالغان مەسىلىلەرنى جىددىي ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ خىزمەتكە كىرىشىش بىلەنلا ستراتېگىيىچىگە خاس دانالىق بىلەن، نۇرغۇن چېكىش ئىشلار ئىچىدىن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ھالقىلارنى تۇتۇپ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىدىيىۋى لۇشيەندىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشقا مەدەت بەرگەن. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان ۋە مەدەتكار بولغان. ئۇ «ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ، «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرايلى» دېگەنگە ئوخشاش نۇتۇق ۋە سۆزلىرىدە «ئىككى ئومۇمەن»دىن ئىبارەت خاتا فاڭجېنغا قارشى تۇرغان، «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەش كېرەك» ، «ھەقىقەتنى

ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش—ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى، تۈپ نۇقتىسى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چىرماپ كەلگەن قاتماللىق بۇزۇپ تاشلانغان. ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978-يىل 12-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 3-ئومۇمىي يىغىنى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تارىخىدىكى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇش بولۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. دېڭ شياۋپىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىن ھارپىسىدا ئېچىلغان خىزمەت يىغىنىدا «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش—نۆۋەتتىكى زور سىياسىي مەسىلە»، «بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ھەممىدە كىتابنى ئاساس قىلىدىغان، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالىدىغان، خۇراپاتلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان بولسا، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ھاياتى توختايدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ»، «دېموكراتىيە—ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى»، «دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇن قېلىپىغا سېلىش كېرەك»، «يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. «ئەمدى ئىسلاھات ئېلىپ بارمىساق، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىز ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىز ھالاك بولىدۇ» دەپ تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە بىر قىسىم رايونلار، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا يول قويۇپ، باشقا رايونلار ۋە باشقا كىشىلەرگە تۈرتكە بولۇشنى، شۇنداق قىلغاندا پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ دولقۇنسىمان راۋاجلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرگىلى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېزرەك بېيىتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ بىر چوڭ سىياسەت ئىدى. بۇ نۇتۇق ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ ئاساسىي دوكلاتى بولدى. 3-ئومۇمىي يىغىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدىكى ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىباشتىن تىكلىدى، «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» دېگەن خاتا شوئارنى قوللىنىشنى كەسكىنلىك بىلەن توختىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىدى ھەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك تەدبىرنى بەلگىلىدى. شۇ ئومۇمىي يىغىن ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى شەكىللەندى.

دېڭ شياۋپىڭ تەشكىلىي لۇشيەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ كۆپ قېتىملىق نۇتقىدا ئىدىيىۋى لۇشيەن ۋە سىياسىي لۇشيەننىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا تەشكىلىي لۇشيەن ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كادىرلارنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشارتىش، زىيالىيلاشتۇرۇش، ئىختىساسلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان، رەھبەرلىك ۋەزىپىسى جەھەتتىكى باقمەندىلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، كونا كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلارنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئالمىشىشىنى يولغا قويغان.

قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش، «سول» چىللىق خاتالىقنى تۈزىتىش جەريانىدا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن چەتنەش، سوتسىيالىزم يولىغا قارشى تۇرۇشقا ئوخشاش ئوڭ پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىغا چىقتى.

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا توغرا يۆنىلىشنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1979-يىل 3-ئايدا دېڭ شياۋپىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان نەزەرىيە خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنى ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ۋە «بۇ — تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى»، «بۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ ھەرقانداق بىرىدىن تەۋرەنگەنلىك پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئىشلىرىدىن، پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىن تەۋرەنگەنلىك بولىدۇ» دېگەن.

1981-يىل 6-ئايدا ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنى ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەييارلانغان «جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»نى ماقۇللىدى. بۇ قاراردا جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەنگەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپتىن ئىنكار قىلىنغان، ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنى قوغداپ قېلىنغان، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئىلمىي باھا بېرىلگەن. ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بۇ زور تەدبىرنى بەلگىلەشتىكى جاسارىتى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بارغانسېرى ئېنىق نامايان بولدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ شۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىنىدا ئۇ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

1982-يىل 9-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 12-قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. دېڭ شياۋپىڭ يىغىن ئېچىش نۇتقىدا: «ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇ قۇرۇلتايدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇميۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش پروگراممىسى بەلگىلەندى. ئۇ ج ك پ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە قارار بىلەن تەيىنلەنگەن. 12-قۇرۇلتايدا مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى سايلام بىلەن ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇ مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 1-ئومۇمىي يىغىنىدا مۇدىرلىققا سايلانغان.

ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك؟ دېگەن ئاساسىي تېمىنى دەۋرىي قىلىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان جۇڭگودەك دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىرمۇنچە تۈپ مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم دەسلەپكى قەدەمدە بىرقەدەر سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش ئارقىلىق ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان.

ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ — دېڭ شياۋپىڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئاساسىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمى. ج ك پ

11 ـنۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ: ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي ئاجىز، ئاھالىسى كۆپ، تېرىلغۇ يېرى ئاز، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا لايىق ئىش كۆرۈش، جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا مېڭىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ 1980 ـيىلى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرى توغرىسىدا توختالغاندا: «رېئاللىقتىن چەتنەپ ۋە باسقۇچ ئاتلاپ بەزى «سول» چىللىق چارىسىنى قوللىنىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز كېرەك، شۇنداق ئىشنى قىلساق، سوتسىيالىزمنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمىز» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ 13 ـقۇرۇلتاي ھارپىسىدا : «پارتىيىمىزنىڭ 13 ـقۇرۇلتىيىدا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزمنىڭ قايسى باسقۇچىدا يەنى دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بىزنىڭ تۇتۇش قىلىۋاتقىنىمىز دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى شەرھلىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزى — كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، بىزنىڭ جۇڭگو يەنە كېلىپ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يەنى تەرەققىي تاپمىغان باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممە ئىشتا مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىز، مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن پىلان تۈزۈشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 13 ـقۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە سىستېمىلىق بايان قىلىندى. 13 ـقۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنگە دائىر بايانلىرىنى يىغىنچاقلىدى، ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى ئەڭ تۈپ ۋەزىپە — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىزم نامراتلىقنى يوقىتىدۇ، نامراتلىق سوتسىيالىزمغا خاس ئەمەس، تەرەققىياتنىڭ بەك ئاستا بولۇشىمۇ سوتسىيالىزمغا خاس ئەمەس، دەپ ھېسابلىغان. ئۇ 1980 ـيىلى «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر» دېگەن سۆزىدە: 80 ـيىللاردىكى ئۈچ چوڭ ئىشنىڭ يادروسى — زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، دەپ كۆرسىتىپ، پۈتۈن پارتىيىدىن بۇ ئىشنى باشتىن ئاخىر ئېغىشماي ئېلىپ بېرىپ، قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇشنى، بارلىق ۋەزىپىلەردە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنى دەۋرىي قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ پەن ـتېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئورنى ۋە رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پەن ـتېخنىكا — 1 ـئىشلەپچىقىرىش كۈچى، دېگەن يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى پەن ـتېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلىغان، ئۇ پەن ـتېخنىكا ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى مائارىپتا، پەن ـتېخنىكىنى تۇتۇشتا مائارىپنىمۇ تۇتۇش كېرەك، مائارىپ — بىر مىللەتنىڭ ئەڭ تۈپ

ئىشى، دەپ تەكىتلىگەن.

دېڭ شياۋپىڭ يىراقنى كۆزلەپ، دۆلىتىمىزگە ئۇلۇغۋار ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ بەرگەن. 1979-يىلى، ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاپ، ھاللىق جەمئىيەت نىشانىغا يېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن ئۇ كۆپ قېتىملىق سۆزىدە 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىن كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش تەسەۋۋۇرىنى يەنى 1-قەدەمدە، 1981-يىلدىن 1990-يىلغىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىقدارىنى بىر قاتلاپ، خەلقنىڭ پۈتۈن كىيىنىش، قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، 2-قەدەمدە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى يەنە بىر قاتلاپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، 3-قەدەمدە، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىقدارىنى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى بىرقەدەر باياشاتلاشتۇرۇپ، زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 13-قۇرۇلتىيىدا بۇ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

دېڭ شياۋپىڭ كونا تۈزۈلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە بوغۇپ قويۇش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىسلاھات جۇڭگونىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: ئىسلاھات ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە، «ئىسلاھات—جۇڭگودىكى 2-قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ ھېسابلىغان. ئۇ ئالدى بىلەن يېزىلاردا قوزغالغان ئىسلاھاتنى—مەھسۇلاتقا باغلاپ ئائىلىلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان ئىسلاھاتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە قوللىغان ھەمدە تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى شەھەرگە يۆتكىگەن. 1984-يىلى ج ك پ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا قارار چىقىرىلىپ، ئىقتىساد، سىياسەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىسلاھاتلار ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، ئۇ مۇشۇ قارارغا يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۇ ئىلگىرىكى كىشىلەر قىلىپ كۆرمىگەن، ئەھۋال مۇرەككەپ بولغان بۇ قېتىملىق ئۇلۇغ سىناق ئۇچۇن جۈرئەتلىك بولۇش، سالماق قەدەم تاشلاشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاكچىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئۇ:«ئىسلاھاتتا بىز باشتىن ئاخىر ئىككى تۈپ پرىنسىپتا يەنى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا، ئورتاق بېيىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ تەكىتلىگەن. ئۇ ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بازار ئىگىلىكىنى سوتسىيالىزم بىلەن بىرلەشتۈرگەن. ئۇ 1979-يىلدىن 1992-يىلغىچە سۆزلىگەن كۆپ قېتىملىق سۆزىدە سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، پىلانمۇ، بازارمۇ ۋاستە، ئۇ سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس، دەپ كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى

ئىسلاھاتنىڭ نىشانىنى بەلگىلىشكە نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

دېڭ شياۋپىڭ 1980-يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا» سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە رەھبەرلىك تۈزۈمى ۋە تەشكىلىي تۈزۈمدىن ئىبارەت تۈپ ئاساس، ئومۇمىيەت، مۇقىملىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېرىنى ئالغان مەسىلىنى ئاساس قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان رەھبەرلىك تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئىللەتلەر ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1986-يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھ قىلىنمىسا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى—پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش، ئاساسلىقى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى كادىرلارنى ياشارتىش؛ بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ ئاساسىي قاتلامنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

دېڭ شياۋپىڭ ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئېلىمىزنىڭ بىر تۈپ دۆلەت سىياسىتى قىلغان. ئۇ ھەرقانداق دۆلەت ئۆزىنى يېتىم قالدۇرۇپ، بېكىنمىچىلىك قىلسا، ئۆزىنى تەرەققىي تاپقۇزالمايدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئىشكنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشنى، ھەممە دۆلەتكە ئېچىۋېتىشنى، تاشقى سودىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغى، ئىلغار تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى، تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، چەت ئەللەردىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈشنى، چەت ئەللەرگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش، دېڭىز بويىدىكى ئون نەچچە پورت شەھىرىنى ئېچىۋېتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دېڭىز بويىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇچۇق رايونلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە شاڭخەينىڭ پۇدۇڭ رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېچىۋېتىشكە ئوخشاش بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى بەلگىلىگەن. ئۇ 1984- ۋە 1992-يىللىرى ئالاھىدە رايونلارنى ئىككى قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئالاھىدە رايون—كۆزنەك، تېخنىكا جەھەتتىكى كۆزنەك، باشقۇرۇش جەھەتتىكى كۆزنەك، بىلىم جەھەتتىكى كۆزنەك، شۇنداقلا تاشقى سىياسەت جەھەتتىكى كۆزنەك، ئالاھىدە رايوننىڭ تېز تەرەققىياتى مەملىكەت بويىچە ئىشكنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىشكنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، دەپ كۆرسەتكەن.

ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى، ئىشكنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ، تۈرلۈك كاشىلىلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. 1989-يىلى

ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەدە دېڭ شياۋپىڭ باشقا پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىكتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، مالىمانچىلىقنى بېسىقتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى، ئىززەت-ھۆرمىتى، خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدىغانلىقىنى قەتئىي قوللىغان. ئۇ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش مۇقىم سىياسىي مۇھىتقا مۇھتاج، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان تۈزۈلگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر توغرا، بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە قاراپلا ستراتېگىيىلىك نىشانىمىزنى خاتا بولۇپ قاپتۇ دېيىشكە بولمايدۇ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشمۇ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشمۇ خاتا ئەمەس، خاتالىق تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا دېگەندەك ئىزچىل چىڭ تۇرمىغانلىقتا، تەلىم-تەربىيە ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ بەك ناچار بولۇپ قالغانلىقىدا، بىر قولنىڭ قاتتىق، بىر قولنىڭ يۇمشاق بولغانلىقىدا، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئەسلىدە تۈزۈلگەن ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېن، سىياسەتلەر ئۆزگەرمەيدۇ، شۇ بويىچە قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشلەۋېرىش كېرەك، دەپ تەكىتلىگەن.

دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش كېرەك، ھەر ئىككى مەدەنىيەتنى ياخشى ئۆتقاندىلا، ئۇنداق سوتسىيالىزم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولىدۇ، بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى، بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇش، ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىگەن. ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك، ئەۋزەللىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنى چىڭ ئېتىقاد بىلەن ئىنتىپاقلاشتۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ 1985-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە پۈتۈن پارتىيىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئەگرى يولغا كىرىپ قالىدۇ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى يالغۇز ماددىي شارائىتقا تايىنىش بىلەنلا غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ». ئۇ كېيىن يەنە: «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، پارتىيە ئىستىلىنى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، بىر كۈنمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق، كونكرېت ئىشلاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك» دېگەن.

دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىرمۇنچە مۇھىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ھازىرقى دەۋر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىك مۇھىتى توغرىسىدا ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە ستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش ياساش ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. ئۇ ئارمىيىنى زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلىپ، قوشۇننى خىللاشتۇرۇشنىڭ جۇڭگوچە يولىغا

مېڭىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشنى، ئارمىيىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئومۇمىيىتىگە بويسۇنۇشى ۋە خىزمەت قىلىشىنى، مۇشۇ ئومۇمىيەت ئاساسىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال مەدەت بېرىشى ۋە ئاكتىپ قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن 1 مىليون ئەسكەر قىسقارتىلدى، بۇ—دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش يولىدىكى ئەمەلىي ھەرىكىتى. ئۇ 1989-يىلى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلارغا مۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك سۆز قىلغان: «ئارمىيىمىزنىڭ باشتىن ئاخىر ئېغىشماي، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. بۇ خاراكتېر—پارتىيىنىڭ ئارمىيىسى، خەلقنىڭ ئارمىيىسى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى بولۇشتەك خاس خاراكتېر».

دېڭ شياۋپىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تارىخقا ۋە ھازىرقى ھالەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرنى يەنى ۋەتەن چوڭ قۇرۇقلۇقىدا سوتسىيالىزم تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىدا كاپىتالىزم تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى ئىجادكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ 1982-يىل 9-ئايدا ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، جۇڭگونىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي مەيدانىنى شەرھلەپ، ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدىغان. ئۇ شياڭگاڭ، ئاۋمېن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەريانىدا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. 1997-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى دۆلىتىمىزنىڭ شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقى ئەسلىگە كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرى پات ئارىدا ئىشقا ئاشقۇسى.ئۇ 1983-يىلى تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا «ئالتە ماددىلىق» فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى كۈچلۈك ئىپادىلىگەن. جۇڭگونى پارچىلاش سۇيىقەستىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ تەيۋەن مەسىلىسىنى تىنچ بولمىغان يول بىلەن ھەل قىلىشتىن ۋاز كەچمەسلىكنى تەكىتلىگەن. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭلا مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالماستىن، خەلقئارادا مۇشۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈنمۇ ئۈلگە يارىتىپ بەردى.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇقىم ئىچكى مۇھىتقىلا مۇھتاج بولۇپ قالماستىن، تىنچ خەلقئارا مۇھىتقىمۇ مۇھتاج. دېڭ شياۋپىڭ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، بىر يۈرۈش دىپلوماتىيە ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات—ھازىرقى دۇنيادىكى ئىككى چوڭ ئاساسىي تېما. مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش لازىم. ئۇ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى خەلقئارا سىياسىي يېڭى تەرتىپ ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنىڭ مىزانى

قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ جۇڭگو مەڭگۈ 3-دۇنياغا مەنسۇپ، مەڭگۈ زومىگەر بولمايدۇ، دەپ تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە تىنچلىق-دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالىدى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىلىرى، دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر ۋە 3-دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغان، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى كۈتۈۋالغان. 80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلقئارا ۋەزىيەت كۆپ ئۆزگىرىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئېغىر ئەگرى-توقايلىق كۆرۈلگەندە، ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىش، تەۋرەنمەي مەزمۇت تۇرۇش، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىنى باشتىن ئاخىر 1-ئورۇنغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق خەلقئارا شارائىتنى قولغا كەلتۈرۈش، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان.

دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئىنچىل ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ: تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ يادروسى—پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، بۇ—تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى؛ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى تىرىشىپ ياخشىلاش، پارتىيىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى، تەشكىلىي ھالىتى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ياخشىلاش لازىم؛ زېھنىي كۈچنى توپلاپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، پارتىيىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچلۈك يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم؛ ماركسىزملىق نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتتىكى پرىنسىپاللىق، سىستېمىلىقلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىجادكارلىقنى كۈچەيتىش لازىم؛ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويغاندى. ئۇ: پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش—ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى. جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئاممىا بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ پۈتكۈل ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش لازىم؛ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويغاندى.

دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسى جەھەتتىكى باقمەندىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلغان ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسەتكەن. ئۇ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. 1987-يىل 11-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 13-قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت ۋە مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى تەركىبىگە كىرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ 1989-يىل 11-ئايدا ج ك پ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5- ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىنمۇ ئىستېپا بېرىپ، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن پۈتۈنلەي

چېكىنىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ يادرولۇقىدىكى 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ جىياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئۆتكۈشلۈك ئۆتۈشىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇقىملىقىنىڭ ساقلىنىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان. ئۇ: پارتىيىنىڭ 1-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى ماۋجۇشى ئىدى، 2-ئەۋلادتا مەن بەنزە يېتەكچىسى ھېسابلاندىم، 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭمۇ يادروسى بولۇش كېرەك، بۇ يادرو يولداش جىياڭ زېمىن. كۆپچىلىك بۇ كوللېكتىپنى ۋە بۇ كوللېكتىپنىڭ يادروسىنى قوغدىشى لازىم، بۇ مېنىڭ سىياسىي تاپشۇرۇقۇم، دېگەن.

رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنگەن دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يەنىلا يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ 1992-يىلىنىڭ بېشىدا ۋۇچاڭ، شېنجېن، جۇخەي، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇھىم سۆز قىلىپ، ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئاساسىي ئەمەلىيىتى ۋە ئاساسىي تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ، تونۇش جەھەتتە ھەمىشە ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى قوچۇپ ۋە چىرماپ كەلگەن بىرمۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بەرگەن. ئۇ: «سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى—ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا «ئاساسلىقى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقىغا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقىغا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقىغا قاراش»نى ھەق-ناھەقنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە دادىلراق بولۇشنى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇشنى، ئاچقۇچنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ 100 يىلغىچە دەۋر سۈرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ج ك پ 14-قۇرۇلتىيىنى ياخشى ئېچىشتا تولۇق نەزەرىيىۋى تەييارلىق بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1992-يىل 10-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 14-قۇرۇلتىيىدا پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق قوراللاندۇرۇش شەرتلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى ئىسلاھاتنىڭ نىشانى قىلىش بەلگىلەندى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆزى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى قىلىندى.

دېڭ شياۋپىڭ 1993-يىلى 89 ياشقا كىرىپ قالغانلىقىغا قارىماي، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى تەھرىرلەشكە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە ماقالىلەرنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ

بېكىتكەن. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»دىن جەمئىي ئۈچ توم نەشر قىلىندى. 2- ۋە 3-تومغا كىرگۈزۈلگەن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە تولغان مۇھىم ئەسەرلىرى— ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي قىبلىنەمىسى.

دېڭ شياۋپىڭ ئىجاد قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى— ماركسىزم- لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بىلەن ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو ماركسىزمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى. جۇڭگو خەلقى مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 21-ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم تاشلىماقتا.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 2-ئاينىڭ 21-كۈنى بېيجىڭدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى)**

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى تەركىبىگە كىرگەنلەرنىڭ ئىسملىكى

**مۇدىرى:**

جياڭ زېمىن

**ئەزالار:**

لى پېڭ
پېڭ جېن
خۇ جىنتاۋ
تيەن جيۈن
ياڭ بەيبىڭ
جياڭ چۈنيۈن
ۋېي جيەنشىڭ
ۋاڭ خەنبىن
سۇڭ پىڭ
جاڭ جېن
رېن جيەنشىن
فېي شياۋتۇڭ
لى شىمىڭ
ۋاڭ گۇاڭيىڭ
بۇ خې
سۇڭ جيەن
ئىسمائىل ئەھمەد
جاڭ سىچىڭ
ياڭ رۇدەي
سەيپىدىن ئەزىزى
دېڭ جاۋشياڭ

چاۋ شى
جۇ رۇڭجى
رۇڭ يىرېن
لى لەنچىڭ
ۋۇ باڭگو
چيەن چىچېن
شيې فې
ياڭ شاڭكۇن
بو يىبو
جاڭ ۋەننيەن
نى جىفۇ
سۇن چىمېڭ
ۋاڭ بىڭچيەن
چېڭ سىيۈەن
تۆمۈر داۋامەت
لى گۈيشيەن
پېڭ پېييۈن(ئايال)
يې شۈەنپىڭ
ۋاڭ جاۋگو
خۇڭ شۆجى
جاۋ پۇچۇ

لى رۇيخۇەن
ليۇ خۇاچىڭ
دىڭ گۇەنگېن
لى تيېيىڭ
زۇ جياخۇا
خۇاڭ جۈي
ۋېن جياباۋ
ۋەن لى
سۇڭ رېنچيۇڭ
چى خاۋتيەن
چېن مۇخۇا (ئايال)
لېي جيېچيۇڭ(ئايال)
پابالا گېلېلاڭجيې
لۇ جياشى
ۋۇ جيېپىڭ
چېن جۈنشېڭ
لو گەن
ۋۇ شۆچيەن
ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي
ياڭ جىڭرېن
با جىن

| | | |
|---|---|---|
| چيەن شۇسېن | چيەن ۋېيچاڭ | خۇ شېڭ |
| چيەن جېڭيىڭ(ئايال) | سۇ بۇچىڭ | دىڭ گۇاڭشۇن |
| دۇڭ يىنچۇ | سۇن فۇلىڭ | ئەن زىجيې |
| خو يىڭدۇڭ | ما ۋەنچى | جۇ گۇاڭيا |
| ۋەن گوچۇەن | خې لۇلى( ئايال) | ۋاڭ پىڭ |
| ۋۇ شيۇچۇەن | ليۇ لەنتاۋ | جياڭ خۇا |
| لى دېشېڭ | شياۋ كې | يۇي چيۇلى |
| جاڭ جىنفۇ | جاڭ ئەيپىڭ | چېن شىليەن |
| دۇەن جۇنيى | گېڭ بياۋ | جى پېڭفېي |
| خۇاڭ خۇا | خۇاڭ خوچىڭ | شى جۇڭشۇن |
| پېڭ چۇڭ | يې فېي | لياۋ خەنشېڭ |
| ۋاڭ فاڭ | فاڭ يى | گۇ مۇ |
| ما ۋېنرۇي | ۋاڭ ئېنماۋ | ياڭ چېڭۋۇ |
| لۇي جېڭساۋ | ۋاڭ فېڭ | جېڭ تيەنشياڭ |
| ياڭ يىچېن | ليۇ فۇجى | ۋاڭ خېشۇ |

(تۆۋەندىكىلەر فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بويىچە تىزىلدى)

| | | |
|---|---|---|
| دىڭ ۋېنچاڭ | دىڭ شىسۇن | دىڭ خېڭگاۋ |
| يۇي جېن | يۇي يۇڭبو | ۋەن شۆيۈەن |
| ما چىجى | ما جۇڭچېن | ۋاڭ جەن |
| ۋاڭ كې | ۋاڭ تاۋ | ۋاڭ خەي |
| ۋاڭ چۈن | ۋاڭ گۇاڭشيەن | ۋاڭ يۇنلۇڭ |
| ۋاڭ يۇنكۇن | ۋاڭ تەيخۇا | ۋاڭ لېچۈەن |
| ۋاڭ چېڭبىن | ۋاڭ رۇجېن(ئايال) | ۋاڭ جىۋۇ |
| ۋاڭ چىرېن | ۋاڭ رېنجى | ۋاڭ ماۋلىن |
| ۋاڭ ماۋرۇن | ۋاڭ جۇڭيۇي | ۋاڭ شۆپىڭ |
| ۋاڭ رۇڭشېڭ | ۋاڭ سىچى | ۋاڭ لولىن |
| ۋاڭ مېڭكۇي | ۋاڭ ۋېيچېڭ | ۋاڭ چاۋۋېن |
| ۋاڭ سېنخاۋ | ۋاڭ رۇيلىن | ۋاڭ دېيىڭ |
| ماۋ جىيۇڭ | دەن زېڭ | ۋۇ لىجى |
| ئۇيۇنچىمىڭ(ئايال) | فاڭ رۇڭشىن | فاڭ زۇچى |
| يىن كېشېڭ | دېڭ خۇڭشۇن | ئەي جىشېڭ |

| | | |
|---|---|---|
| لى يۇۋېي | شى يۇنشېڭ | شى يۇيجېن(ئايال) |
| شى جاۋبىن | شى زۇڭيۈەن | لۇ رۇڭجىڭ |
| لۇ رۇيخۇا | يې چىڭ | يې ليەنسۇڭ |
| تيەن فېڭشەن | تيەن چېڭپىڭ | تيەن زېڭپېي |
| شى داجېن | شى يۇيشياۋ | بەي لىچېن |
| بەي ئېنپېي | بەي چىڭسەي | باۋ شۇيدىڭ |
| لەن باۋجىڭ | شىڭ شىجۇڭ | شىڭ بىسى |
| چېڭ كېجيې | چېڭ سىۋېي | لۇي فېڭ |
| لۇي پېيجيەن | خۇي لياڭيۇي | جۇ شۈن |
| جۇ كەيشۈەن | جۇ لىلەن(ئايال) | جۇ يۇيلى |
| جۇ سېنلىن | جۇ دۇنفا | ۋۇ شاۋزۇ |
| خۇا گوفېڭ | چۈەن شۇرېن | دوجى سەيرالىڭ |
| ليۇ جياڭ | ليۇ چى | ليۇ يى |
| ليۇ يۈنشەن | ليۇ جۇڭيى | ليۇ فاڭرېن |
| ليۇ جېڭۋېي | ليۇ جۇڭلى | ليۇ خۇاچيۇ |
| ليۇ ئەنيۈەن | ليۇ جىيۈەن | ليۇ مىڭزۇ |
| ليۇ جۇڭدې | ليۇ زېمىن | ليۇ شۇنياۋ |
| ليۇ جيەنفېڭ | ليۇ جېڭخۇا | ليۇ جىڭسۇڭ |
| چى خۇەييۈەن | گۈەن گۇاڭفۇ | جياڭسۈن لوبۇ |
| رۇ شىن | تاڭ خۇڭگاۋ | ئەن چىيۈەن |
| شۇي چىلياڭ | رۈەن چۇڭۋۇ | سۈن يىڭ |
| سۈن يۇڭ | سۈن ۋېنشېڭ | سۈن تۇڭچۈەن |
| سۈن جياجېڭ | سۈن ۋېيبېن | مۇ شەنچۇ |
| قېيۇم باۋۇدۇن | سۇ رۇڭ | دۇ چىڭلىن |
| دۇ تيېخۈەن | لى جىڭ | لى جيۇلۇڭ |
| لى چاڭچۈن | لى ۋېنچىن | لى كېچياڭ |
| لى لەيجۇ | لى بويۇڭ | لى شىلىن |
| لى جىجۈن | لى چىيەن | لى چىشېڭ |
| لى زېمىن | لى جيەنگو | لى چۈنتىڭ |
| لى جىنەي | لى شۆجېڭ(ئايال) | لى شىنلياڭ |
| لى جياتىڭ | لى خۇيفېن(ئايال) | لى دېجۇ |

لى يىجۇڭ

ياڭ جىكې

ياڭ گولياڭ

ياڭ دېجۇڭ

شياۋ ياڭ

ۋۇ يۇيچيەن

ۋۇ گۇەنجېڭ

ۋۇ جىچۇەن

خې جۇكاڭ

تۇڭ باۋسۇن

زۇ جىڭمېڭ

شا جيەنسۇن

سۇڭ خەنلياڭ

سۇڭ رۇيشياڭ

جاڭ شياۋ(ئايال)

جاڭ چۇەنجىڭ

جاڭ ليەنجۇڭ

جاڭ جۇنجيۇ

جاڭ جيەنمىن

جاڭ فۇسېن

چېن يۇنلىن

چېن باڭجۇ

چېن زولىن

چېن بىڭدې

چېن شۇنلى

شاۋ چىخۇي

لىن ليۇن(ئايال)

لو بىڭشېڭ

يۆ خەييەن

جۇ ۋېنيۇەن

جۇ گۇاڭجاۋ

ياڭ جېڭۋۇ

ياڭ خۇەيچىڭ

ياڭ جېنخۇەي

شۇ خۇەيدې

ۋۇ يى(ئايال)

ۋۇ گۇاڭيۇي

ۋۇ يىگۇڭ

ۋۇ ۋېيرەن

خې چىزۇڭ

گۇ شەنچىڭ

ۋاڭ جيالىيۇ(ئايال)

شېن دارېن

سۇڭ باۋرۇي

سۇڭ دېفۇ

جاڭ دىڭخۇا

جاڭ شياۋۋېن

جاڭ بوشىڭ

جاڭ يەنجۇڭ

جاڭ گويىڭ(ئايال)

جاڭ دېجياڭ

چېن يۇيىڭ(ئايال)

چېن جىلى(ئايال)

چېن مىڭيى

چېن مىنجاڭ

چېن جىنخۇا

فېڭ خېڭگاۋ

ئوۋ گۇاڭيۇەن

خې جىچياڭ

جۇ نەن

جۇ يۇيشۇ

جۇ كېيۇي

ياڭ يۇڭلياڭ

ياڭ گوپىڭ

ياڭ جيەنچياڭ

شياۋ ياڭ

ۋۇ ۋېنيىڭ(ئايال)

ۋۇ يىشيا

ۋۇ ئەيىڭ(ئايال)

خې گۇاڭيۇەن

خې چۇنلىن

زۇ شىچاڭ

ۋاڭ شياۋفېڭ

شېن بىنيى

سۇڭ چىڭۋېي

جاڭ گۇڭ

جاڭ لىچاڭ

جاڭ جىجيەن

جاڭ چيۇشياڭ

جاڭ مېييۇەن

جاڭ خاۋرو

ئابلەت ئابدۇرېشىت

چېن يۇيجيې(ئايال)

چېن گۇاڭيى

چېن كۇيۇەن

چېن خۇەنيۇ

شاۋ خۇازې

فەن چىنچېن

گۇ خۇي

يۆ چىفېڭ

جۇ زىيۇي

جۇ يۇڭكاڭ

جۇ كۇنرېن

جېڭ بىجيەن
فاڭ ۋېيجۇڭ
جاۋ يەننيەن
جاۋ نەنچى
خاۋ جيەنشيۇ (ئايال)
خۇ فۇگو
خۇ زۇڭبىن
ۋېن شىجېن
ياۋ جېنيەن
يۈەن ۋېيمىن
گۈي شيۇڭ
جانابىل
جيا چۈنۋاڭ
گۇ شيۇليەن (ئايال)
چيەن يۈنلۇ
شۈي چىڭ
شۈي كۇاڭدى
شۈي خۇيزى
گاۋ تيەنجېڭ
گاۋ دېجەن
گو جېنچيەن
تاۋ بوجۈن
خۇاڭ ياۋ
خۇاڭ جېندۇڭ
ساۋ پېڭشېڭ
ساۋ بوچۈن
شېڭ خۇارېن
لياڭ گۇاڭلېي
سۈي يۇڭجۈي
گې خۇڭشېڭ
جياڭ شىنشيۇڭ

جېڭ شيەنبىن
جېڭ شۇپىڭ
جاۋ جىخاۋ
جاۋ فۇلىن
خۇ پىڭ
نيۇ ماۋشېڭ
يۈي جېڭشېڭ
جياڭ يۇڭرۇڭ
خې گوچياڭ
رېدى
جيا جۈن
جيا جىجيې
گۇ خاۋ
گۇ جىنچى
چيەن گولياڭ
شۈي سەيخۇ
شۈي يۈفاڭ
لۈەن ئېنجيې
گاۋ سىرېن
گو دۇڭپو
گو چاۋرېن
تاۋ سىجۈي
خۇاڭ خۇاڭ
ساۋ جى
ساۋ گاڭچۈەن
گۇڭ گۇچېڭ
سۈي نەيفۇ
لياڭ گوچىڭ
پېڭ چىڭيۈەن
دۇڭ لياڭجۈي
جياڭ مىنكۈەن

جېڭ سىلىن
شياڭ خۇەيچېڭ
جاۋ جىندو
خاۋ يەن
خۇ چىلى
خۇ جيې
پاڭ شيەنجى
جياڭ فۇتاڭ
چىن يۈيچىن (ئايال)
گېڭ چۈەنلى
جيا چىڭلىن
جيا جىباڭ
گۇ يۈنفېي
سەي سۇڭيۇ
چيەن شۇگېن
شۈي يۇڭچىڭ
شۈي سەيدۇڭ
گاۋ يەن
گاۋ چاڭلى
گو شۈيەن
تاۋ شۇچى
ساڭ جيېجيا
خۇاڭ چىزاۋ (ئايال)
ساۋ شۇاڭمىڭ
ساۋ چىڭزې
گۇڭ يۈيجى
يەن خەيۋاڭ
لياڭ دۇڭسەي
پېڭ كۇنشېڭ
دۇڭ جيەنخۇا
جياڭ جۇپىڭ

خەن جۇبىن
فۇ چۇەنيۇ
لۇ پىڭ
زېڭ چىڭخۇڭ
زېڭ پېييەن
لېي مىڭچيۇ
لياۋ خۇي
تەن نەيدا
دەي شياڭلۇڭ

چېڭ ئەندۇڭ
فۇ شىشۇ
پۇ چاۋجۇ
زېڭ جيەنخۇي
ۋېن زۇڭرېن
لۇ يۇڭشياڭ
لياۋ ۋېنخەي(ئايال)
شيۇڭ گۇاڭكەي
ۋېي جىنشەن

چېڭ ۋېيگاۋ
شۇ شېڭيۇ
زېڭ چىڭسۇن
زېڭ شيەنلىن
شيې شىجيې
سەي زىمىن
لياۋ شىلۇڭ
لى مىڭ

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىنغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يازغان خېتى

باش شۇجى جياڭ زېمىنغا ھەم مەركىزىي كومىتېتقا:

يېقىندىن بۇيان يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى، بىز ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىنتايىن قايغۇرماقتىمىز، بىز مەركەزدىكى يولداشلارنىڭ يولداش شياۋپىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى، خۇددى بىزگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىمىز.

يولداش شياۋپىڭ —ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالىزمچى. ئۇ ھايات-ماماتلىق مەسىلىسىدە ئەزەلدىنلا كۆكسى-قارنىنى كەڭ تۇتۇپ كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى توغرىسىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزگە كۆپ قېتىم گەپ قىلدى. يولداش شياۋپىڭنىڭ ھاياتىدىكى ئىستىكى ۋە ئېتىقادىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەھىپىسىنى مۇكەممەل پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز:

1. جەسەت بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمىسە، يولداش شياۋپىڭ ئەزەلدىنلا دەبدەبە ئىشلىرىنى ئادەتتىكى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى، جەسەت بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەسلىك ئۇنىڭ قارىشىغا ئۇيغۇن.

2. تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى جەسەت كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلسە، جەسەت كۈلى قۇتىسىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە بايرىقى يېپىلسا، تەنتەنىلىك مۇسبەت كەيپىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۈستىگە يولداش شياۋپىڭنىڭ روھىي قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان رەڭلىك سۈرىتى ئېسىلسا.

3. ئائىلىدە تەزىيە ئورنى تەسىس قىلمايمىز.

4. كۆزىنىڭ مۇڭگۈز پەردىسى تەقدىم قىلىنىدى، تىببىي ئىلىم تەتقىقاتى ئۈچۈن جەسىتى ئوپېراتسىيە قىلىنسا بولىدۇ.

5. جەسەت كۆلى قالدۇرۇلمايدۇ. يولداش شياۋپىڭنىڭ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن جەسەت كۆلى دېڭىزغا چېچىۋېتىلسە.

يولداش شياۋپىڭ پۈتكۈل ئۆمرىنى ۋەتەنگە ۋە خەلققە شەرتسىز بېغىشلىدى، بىز شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، ھەم يولداش شياۋپىڭنىڭ روھىي ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىش، ھەم ئۆزىمىزنىڭ قايغۇسىنى ئەڭ ئاددىي-ساددا ۋە ئەڭ تەنتەنىلىك ئۇسۇلدا بىلدۈرۈش بىزنىڭ يولداش شياۋپىڭ ئۈچۈن قىلىپ بېرىدىغان ئاخىرقى ئىشىمىز بولۇپ قالسا.

يۇقىرىدىكى پىكىرىمىزنى ئويلىنىپ كۆرسەڭلار.

**جو لىن ۋە پەرزەنتلىرى:**

**دېڭ لىن، دېڭ پۇفاڭ، دېڭ نەن، دېڭ رۇڭ، دېڭ جىفاڭ**

1997-يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئېلانى

(1-نومۇرلۇق)

پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى ۋە چوڭقۇر تەزىيىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇنۇلار قارار قىلىندى:

(1) پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن ئارمىيىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىنغان كۈندىن تارتىپ يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنگە قەدەر، پايتەختتىكى تيەنئەنمېن، شىنخۇامېن، «خەلق» سارىيى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەردىكى ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلىرى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئاۋمېن شۆبىسىدە تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بايراق يېرىم چۈشۈرۈلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەردىكى ئەلچىخانىلىرى، كونسۇلخانىلىرى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئاۋمېن شۆبىسى تەزىيىخانا تەسىس قىلىپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىدىكىلەرنىڭ تەزىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

(2) دۆلىتىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى، پارتىيىلىرى ۋە دوست زاتلار تەزىيە

بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگوغا ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى ياكى ۋەكىللەرنى ئەۋەتىشكە تەكلىپ قىلىنمايدۇ.

ۋاقىپ بولۇشۇڭلارنى سورايمىز.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى

1997-يىل 2-ئاينىڭ 19-كۈنى

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئېلانى

## (2-نومۇرلۇق)

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسىنى ۋە پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇنۇلار قارار قىلىندى:

(1) ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت 2-ئاينىڭ 25-كۈنى بېيجىڭ «خەلق» سارىيىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى (بېيجىڭدىن باشقا جايلاردىكى ئەزالار ۋەكىل ئەۋەتىدۇ)، مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە پايتەختتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى، ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرى، يۇرتىدىن كەلگەن ۋەكىللەر بولۇپ جەمئىي 10 مىڭ كىشى تەزىيە يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن پايتەختتە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىن پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى بولۇپ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەزىيە يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەق مەيداندىن تارقىتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كەڭ كادىرلارنى، ئاممىنى تەزىيە يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى رادىئودىن ئاڭلاشقا، تېلېۋىزوردىن كۆرۈشكە ئەستايىدىل تەشكىللىشى لازىم.

(2) پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى، چېگرا ئېغىزلىرى، دېڭىز، ئاۋىئاتسىيە پورتلىرى، كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر، دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەردىكى ئەلچىخانا-كونسۇلخانىلىرى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئاۋمېن شۆبىسىدە 2-ئاينىڭ 25-كۈنى تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بايراق يېرىم چۈشۈرۈلىدۇ.

(3) تەزىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا پويىز، پاراخوت، ھەربىي پاراخوت، زاۋۇت قاتارلىق گۇدۇكى بار ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ مىنۇت گۇدۇك چېلىپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

(4) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، جەسەت بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

ۋاقىپ بولۇشۇڭلارنى سورايمىز.

## يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى

1997-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئېلانى

## (3-نومۇرلۇق)

پارتىيىمىزنىڭ، ئارمىيىمىزنىڭ، ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى ئابرويلۇق، ئاتاقلىق رەھبىرى، ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سىياسىي ئەربابى، ھەربىي ئەربابى، دىپلوماتى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن كوممۇنىزم جەڭچىسى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە پارلامېنتلىرى، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، پارتىيىلىرى، دوستلۇق تەشكىلاتلىرى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى دوست زاتلار، بەزى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى، بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، جۇڭگودىكى چەت ئەللىك دوستلار، چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئۇرغۇنلىغان تەزىيە تېلېگراممىلىرى، تېلېگرامما خەتلىرىنى ئەۋەتىپ، بايانات ئېلان قىلىپ، سۆھبەت بايان

قىلىپ، تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، سەممىي تەزىيە بىلدۈردى ۋە ھال سورىدى، بۇنىڭغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز.

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى.

ۋاقىپ بولۇشىڭلارنى سورايمىز.

## يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى

1997-يىل 2-ئاينىڭ 26-كۈنى

# قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ياد ئېتىپ، ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى بىرلىكتە ۋۇجۇدقا چىقىرايلى

### «خەلق» گېزىتىنىڭ باش ماقالىسى

قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1997-يىل 2-ئاينىڭ 19-كۈنى بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. يەر-جاھان زىلزىلىگە كېلىپ، پۈتۈن مەملىكەت قايغۇغا چۆمدى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈپ، قاتتىق قايغۇ-ھەسرەتكە چۆمدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ، ئارمىيىمىزنىڭ، ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى ئابرويلۇق، ئاتاقلىق رەھبىرى، ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سىياسىي ئەربابى، ھەربىي ئەربابى، دىپلوماتى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى. ئۇ 70 نەچچە يىللىق ئىنقىلابىي ھاياتىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى ۋە زېھىن كۈچىنى سەرپ قىلدى، ئۆچمەس تارىخىي خىزمەت كۆرسەتتى، بىزگە ئىنتايىن مول، ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى مىراس قالدۇردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ — ئەسىرىمىزنىڭ ئالاھىدە كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئەربابى. ئۇنىڭ ۋاپاتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز يوقىتىش، ئۇنىڭ قەھرىمانانە نام-شەرىپى جۇڭگونىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن، دۇنيانىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پۈتكۈل 20-ئەسىرگە سىڭگەن شانلىق، ئۇلۇغ ھاياتى خۇددى سەلتەنەتلىك، شانلىق تارىخىي داستانغا، ھەيۋەتلىك ھايات كارتىنىغا، ياڭراق سىمفونىيىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغ

تۆھپىسى، ئىلمىي نەزەرىيىسى، ئىنقىلابىي پەزىلىتى، ئۇ تۇزۇپ بەرگەن ئەسىر ھالقىشىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۇلۇغ ئىشلىرى يولىدا باتۇرانە ئىلگىرىلىشىمىزگە مەڭگۈ تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇش داۋامىدا ھەمىشە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، جاپا-مۇشەققەتتىن، خەۋپ-خەتەردىن قورقماي باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى قانات يايدۇرۇش يولىدا ئاجايىپ ئۇنۇملۇك خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ھەققەتتە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا قارشى تىنىمسىز كۈرەش قىلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ 70 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ شانلىق يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ئۇ ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان قەيسەر ئىنقىلابىي روھ بىلەن قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى باتۇرلۇق بىلەن يېڭىباشتىن تىكلەپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلىدىغان ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭى تارىخىي دەۋر ئېچىشقا رەھبەرلىك قىلدى. 18 يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كېلىپ، ئومۇميۈزلۈك دۆلەت كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆپ ياخشىلاندى، دۆلەتنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئورنى مىسلىسىز ئۆستى. يولداش دېڭ شياۋپىڭدەك سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرىدىغان ئاتاقلىق رەھبەر رول تۇتۇپ يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەرگەچكە، پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ھەم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ياغدۇرغان ئېغىر بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ، ھەم يېڭى قالايمىقانچىلىق ۋە گاڭگىراش ئىچىدە قېلىشتىن ساقلىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ داغدام يولىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ماڭدى. بۇ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ بەختى ۋە ئىپتىخارى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ نەزەرىيىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىتتا، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى داۋامىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم-لې-

نىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزم غەلىبە قىلغان ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ھەمدە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىش-خارابلىشىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-مەغلۇب بولۇش جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىگىلەپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان جۇڭگودەك دۆلەتتە پرولېتارىيات خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، قانداق مۇستەھكەملەش ۋە قانداق راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە تۇنجى قېتىم بىرقەدەر سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلدى. يولداش دېڭ شىياۋپىڭ — ئۇلۇغ نەزەرىيىچى، ئۇ ئىجاد قىلغان نەزەرىيە ماركسىزمنىڭ تەرەققىياتى تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇشۇ ئۇلۇغ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلگەن. ئەمەلىيەت بۇ نەزەرىيىنىڭ ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. كېيىنكى ئەسىردە كۆزلەنگەن نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ ئۇلۇغ نەزەرىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز لازىم. دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى.

يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ پەزىلىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز. يولداش دېڭ شىياۋپىڭ پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە چەكسىز سادىق ئىدى. ئۇ: «مېنىڭ ھاياتىم پارتىيىگە، دۆلەتكە مەنسۇپ»، «مەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوغلى، مەن ئۆز ۋەتىنىمنى ۋە خەلقىمنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن» دېگەن. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ ئاممىنى ھۆرمەتلەپ، خەلق ئۈچۈن جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلدى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقىنى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقىنى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقىنى ھامان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ۋە نىشانى قىلدى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تومۇرى ۋە پەيتىنى ماھىرلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ، جۇڭگونىڭ رېئاللىقى ۋە ھازىرقى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ھامان يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى چارىلەرنى تېپىپ، يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدەندى.

شۇڭلاشقىمۇ، يىراققا نەزەر سېلىپ، كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، ئومۇمىيەتچىل بولۇپ، ھېچنېمىدىن قورقماي، ئېگىلمەي-پۈكۈلمەي، ئۆزىنىڭ ئامان-ئېسەن تۇرۇشى ۋە خەۋپ-خەتەردە قېلىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ شان-شۆھرىتى ۋە ئار-نومۇسى، ئالدىغا ئۆتكۈزۈلۈشى-كەينىگە چۈشۈرۈلۈشى بىلەن ھېسابلاشماي، ھامان ئومۇمىيەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، تۈرلۈك چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، بىر تەرەپ قىلىشتا دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ئىشلەشنى قەدىرلەپ، ئاچقۇچلۇق پەيتتە كەسكىن، ئىلمىي تەدبىر كۆرۈپ، ئالاھىدە شىجائىتى ۋە جاسارىتىنى كۆرسەتتى. ئالىيجاناب، روشەن ئىنقىلابىي پەزىلەتكە ئىگە يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەڭگۈ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۈلگىسى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ غايىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز. يولداش دېڭ شياۋپىڭ—سادىق كوممۇنىزمچى. ئۇ يىراقنى كۆرەتتى، مول ئىلمىي روھقا ۋە ئىجادكارلىق روھىغا ئىگە ئىدى، شۇڭا ئۇلۇغ غايىنى ئېلىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى لايىھەلەپ، ئېلىمىزنى نامراتلىقتىن بېيىشقا باشلايدىغان «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىش، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى بەلگىلىدى. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسىگە ئايلاندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پرىنسىپ جەھەتتىكى قەتئىيلىك بىلەن تاكتىكا جەھەتتىكى جانلىقلىقنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر ئىدى. ئۇ «دۆلەتنى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى بۈيۈك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرى قىلدى. مۇشۇ تەسەۋۋۇر بويىچە دۆلىتىمىزنىڭ شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقى بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەسلىگە كېلىپ، دۆلەتنىڭ 100 يىللىق نومۇسى ئاقلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھايات ۋاقتىدا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن شياڭگاڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ھازىر شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە 120 نەچچە كۈنلا قالدى، لېكىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئارمانىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى جەزمەن ئىشقا ئاشىدۇ. ۋەتىنىمىز چوقۇم تولۇق بىرلىككە كېلىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ نەزەرىيىسى، ئۇلۇغ غايىسى، ئۇلۇغ

پەزىلىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالغا ىېسىش يولىنى مەڭگۇ يورۇتۇپ تۇرغۇسى. جۇڭگو خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېچىپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرىلەيدۇ. شۇ تاپتا، بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىچىسىغا خاس كەڭ قورساقلىقىنى، يىراقنى كۆرەرلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز، ئۇ 2-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشى، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇقىملىقىنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن تولۇق شارائىت يارىتىپ بەردى، ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئەمەلىيەت يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويمىغانلىقىنى، ئاممىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغانلىقىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ باشلاپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشنىڭ سادىق، ئىشەنچلىك ۋە جاسارەتلىك، ئۈمىدلىك ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچى ئورنىنى تىكلەپ، مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىينى قوراللاندۇرۇپ، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100 يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنى تۇپ كاپالەتكە ئىگە قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە ئاساسلىنىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، «پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش»تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى، گۈللەپ ياشنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئاممىسىغا چىڭ تايىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن بىللە، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى «ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى قىيىنچىلىقلارنى ئۈزلۈكسىز يېڭىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىمۇ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىمۇ يېڭى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، دۆلىتىمىزدە سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولدى، ئىقتىساد راۋاجلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، جەمئىيەت ئالغا باستى، خەلق خۇشال بولدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يولداش دېڭ

شياۋپىڭ بەلگىلەپ بەرگەن 2-قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانغا مۇددەتتىن بۇرۇن يەتكەندىن كېيىن، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننى تۈزۈپ چىقتى، ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەلگىلەنگەن نىشانغا قاراپ زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىگە رەھبەرلىك قىلماقتا. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا جان كۆيدۈرۈپ خىزمەتلەرنى تازا ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەسىر ھالقىشىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ لايىھىلىگەن ئۇلۇغۋار پىلاننى ئورۇنداشتا غەلىبە قىلىش ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە: «ھازىردىن باشلاپ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ناھايىتى مۇھىم مەزگىل بولۇپ قالىدۇ، بىز باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلىشىمىز كېرەك. زىممىمىزدىكى يۈك ئېغىر، مەسئۇلىيەت زور!» دەپ سەممىي تەلىم بەرگەنىدى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە، ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەڭگۈ ھايات!

قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

**(«خەلق» گېزىتىنىڭ 1997-يىل 2-ئاينىڭ 26-كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)**

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 4-سان

(ئومۇمىي 106-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىلىلىق 5-سانىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**



## مۇندەرىجە

**قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەڭگۈ هايات**


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي هەربىي كومىتېتنىڭ پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن ئارمىيىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى هەر مىللەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامىسى** ............ (3)

**يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزلىگەن تەزىيە سۆزى** (1997-يىل 2-ئاينىڭ 25-كۈنى) ............................ (12)

**دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ، شانلىق هاياتى** ............................ (25)

يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش هەيئىتى تەركىبىگە كىرگەنلەرنىڭ ئىسىملىكى ......... (47)

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىنغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يازغان خېتى ............................ (53)

يولداش دېڭ شياۋپىڭنى دەپنە قىلىش هەيئىتىنىڭ ئېلانلىرى(1-، 2-، 3-نومۇرلۇق) ......... (54)

قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ياد ئېتىپ، ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى بىرلىكتە ۋۇجۇدقا چىقىرايلى **«خەلق» گېزىتىنىڭ باش ماقالىسى** ............................ (58)


**★4-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا ئېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 04>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号:2—373 定价:1.80元 邮政编码 100013